بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام نىزامى

وقف لله تعالى

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ئىماننىڭ يولى ........................ 1

ئەزا ۋە قەدەر ........................ 23

ئىسلام مەپكۇرىسى ........................ 41

ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش كەيپىسى ........................ 108

ئىسلام ھەزارىتى ........................ 119

ئىسلام نىزامى ........................ 129

شەرئى ھۆكۈم ........................ 140

شەرئى ھۆكۈمنىڭ تۈرلىرى ........................ 144

سۈننەت ........................ 145

رەسۇل(س ئە ۋ)نىڭ ئىشلىرىدىن نەمۇنە ئېلىش ........................ 147

شەرئى ئەھكاملارنىڭ تاللاپ ئەيىن قىلىنىشى (قانۇنلاشتۇرۇلىشى) ........................ 150

دەستۇر ۋە قانۇن ........................ 153

ئىسلامدىكى ئەخلاق ........................ 162

# بسم الله الرحمن الرحيم

## ئىماننىڭ يولى

ئىنسان ھايات، كائىنات ۋە ئىنسان ھەققىدىكى ھەممە
ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىن ئىلگىرىكى ۋۇجۇدقا ۋە دۇنيا ھايا-
تىدىن كېيىنكى ھاياتقا ئالاقىدارلىقى ھەققىدىكى پىكىر بىلەن
ئويغىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا بۇگۈنكى كۈندىكى ئىنساننىڭ
ئويغىنىشى ئۇچۇن ئۇنىڭ پىكرىنى تۈپتىن ئومۇمى رەۋىشتا
ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا باشقا پىكىرنى ۋۇجۇدقا كەلتۇرۇپ بې-
رىشىمىز كېرەك. چۈنكى پىكىر نەرسىلەر ھەققىدىكى چۈ-
شەنچىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۇرۇپ، ئۇلارنى بىر نۇختىغا باغ-
لايدۇ. ئىنسان ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرگە قاراپ ھايات-
تىكى تۇرمۇش يولىنى شەكىللەندۇرىدۇ. مەسىلەن، ئىنسان
ئۆزى ياقتۇرىدىغان شەخس ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئۇ-
نىڭ ئاشۇ شەخسكە نىسبەتەن قوللىنىدىغان مۇئامىلە يولىنى
شەكىللەندۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان
شەخس ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ ئاشۇ شەخسكە نىسبەتەن
قوللىنىدىغان مۇئامىلە يولىنى بەلگىلەيدۇ. ئۆزى تونۇمايدى-
غان، ئۇ ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان باشقا
بىر شەخسكە نىسبەتەن قوللىنىدىغان مۇئامىلىسىمۇ ئىنسان-

دىكى چۈشەنچىلەر ئاساسى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. دېمەك، ئىنساننىڭ ياشاش يولى ئۇنىڭ چۈشەنچىلىرىگە باغلىق دۇر. بىز ئىنساننىڭ تۆۋەن ياشاش يولىنى ئۆزگەرتىپ، يۈكسەك ياشاش يولىغا ئايلاندۇرماقچى بولساق، بىرىنچى قىلىپ ئۇنىڭ چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك:

(ان الله لايغير مابقوم حتي يغيروا مابانفسهم)

– «ئېنىقكى بىرقەۋم ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمىگىچە الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» 13 :11

چۈشەنچىلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىرلا يولى دۇنيا ھاياتى ھەققىدىكى پىكىرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتۇر. شۇندىلا شۇ پىكىر ياردىمىدە دۇنيا ھاياتى ھەققىدىكى ئەڭ توغرا چۈشەنچىلەر ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. كائىنات، ئىنسان، ھايات، بۇ دۇنيا ھاياتىدىن ئىلگىرىكى ۋۇجۇد ۋە بۇ دۇنيا ھاياتىدىن كېيىنكى ھايات ھەققىدىكى ھەممە كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتنىڭ شۇ ۋۇجۇدىۋە ھاياتقا باغلىنىشى ھەققىدىكى پىكىرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەندىن كېيىنلا بۇ دۇنيا ھاياتى ھەققىدىكى پىكىر نەتىجە بېرەلەيدىغان شەكىلدە بىر نۇختىغا باغلىنىدۇ ۋە مەركەزلىشىدۇ. بۇنداق ئىشنى كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتتىن تاشقىرىدىكى بۇلارنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدىغان نەرسىلەر ھەققىدە ئومۇمى پىكىرنى بېرىش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئاشۇ ئومۇمى پىكىر پىكرى ئاساس بولۇپ، ھايات ھەققىدىكى بارچە پىكىرلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بۇنەرسىلەر ھەققىدە ئومۇمى پىكىرنى بېرىش ئىنسانىدىكى ئەڭ چوڭ تۈگۈننى يېشىش دېمەكتۇر. قاچانكى



ئاشۇ تۈگۈن يېشىلسە قالغان تۈگۈنلەر ئۆز - ئۆزىدىن يېشىلىدۇ. چۈنكى بۇلار ئۇنىڭغا نىسبەتەن جۇزئى مەسىلىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئەڭ چوڭ تۈگۈن غولى بولسا، قالغان تۈگۈنلەر شۇ غولنىڭ شاخلىرىغا ئوخشاشدۇر. بىراق بۇ يېشىش ئىنساننىڭ فىترىتىگە ماسكېلىدىغان، ئەقىلنى قانائەتلەندۈرىدىغان ۋە قەلبنى خاتىرجەم قىلىدىغان توغرا يېشىش بولسىلا، توغرا ئويغىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ توغرا يېشىشنى كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدىكى يارقىن پىكىرسىز ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئويغىنىش ۋە يۈكسىلىش يولىدا يۈرۈشنى خالىغۇچى كىشىلەر بىرىنچى قىلىپ بۇ ئاساسى تۈگۈننى يارقىن پىكىر ياردىمىدە توغرا يېشىۋېلىشى لازىم. بۇ يېشىش بولسا ئەقىدە دۇر. بۇ يېشىش پىكرى ئاساس بولۇپ، ھاياتتىكى ياشاش يولى ھەققىدىكى ۋە ھايات قانۇنلىرى ھەققىدىكى بارلىق فەرئى (ئىككىنچى دەرىجىلىك) پىكىرلەر ئۇنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ.

ئىسلام بۇ ئەڭ چوڭ تۈگۈنگە دىققەت ئېتىبارىنى قارىتىپ، ئۇنى فىترەتكە ماس كېلىدىغان، ئەقىلنى قانائەتلەندۈرىدىغان ۋەقەلبكە خاتىرجەملىك بېرەلەيدىغان ھالدا يېشىپ بەردى ۋە ئىسلامغا كىرىشنى بۇ يېشىشنى ئەقىلدىن كېلىپ چىققان ئىقرار بولۇشقا باغلىق قىلىپ قويدى. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام يىگانە ئاساس، يەنى ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. ئەقىدىنىڭ مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتتىن تاشقىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممى-

نى ياراتقان ياراتقۇچى بار. ئۇ الله تەئەلا دۇر. بۇ ياراتقۇچى
ھەممە جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتلارنى يوقتىن بارقىلغان.
ئۇ ۋاجىبۇل ۋۇجۇد (يەنى بار بولۇشى زۆرۈر) زاتتۇر. ئۇ
باشقىلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەمەس. ئەگەر ئۇ باشقىلار
تەرىپىدىن يارىتىلغان بولسا، ياراتقۇچى بولمايتتى. ئۇنىڭ
ياراتقۇچى سۈپىتىگە ئىگە بولىشىنىڭ ئۆزى باشقىلار تەرىپى-
دىن يارىتىلمىغان ۋە ۋاجىبۇل ۋۇجۇد بولىشىنى تەلەپ قىلى-
دۇ. چۈنكى ھەممە نەرسىلەر مەۋجۇد بولىشىدا ئۇنىڭغا تايى-
نىدۇ. ئۇبولسا مەۋجۇد بولۇشتا ھىچنەرسىگە تايانمايدۇ.

بارچە نەرسىلەرنىڭ ياراتقان ياراتقۇچىسى بولىشى زۆ-
رۈرلىكىگە كەلسەك، بۇنى ئۈزۈەدە چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن.
ئەقلى ئىدراك قىلىدىغان نەرسىلەر ئىنسان، ھايات ۋە كائى-
ناتتىن ئىبارەت. بۇنەرسىلەر بولسا چەكلىك دۇر. شۇنىڭغا
ئاساسەن ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئاجىز، نۇقسانغا ئىگە ۋە ئۆزى-
دىن باشقىغا مۇھتاجدۇر. ئىنسان چەكلىكدۇر. چۈنكى ئۇ
ھەر بىر ساھەدە ئىشىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان قانداقتۇر
چېگراغا بېرىپ توختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چەكلىك دۇر.
ھايات چەكلىكدۇر. چۈنكى ئۇ پەقەت ئايرىم - ئايرىم مەۋجۇ-
داتلاردا نامايەن بولىدۇ. سەزگۈلەر ئارقىلىق كۆزىتىلىپ
كۆرۈلسە مەلۇم بولىدىكى، ھايات ئايرىم ۋۇجۇت، يەنى پەرد-
ە ئۆگەيدۇ. دىمەك، ھاياتمۇ چەكلىك دۇر. كائىنات چەك-
لىك دۇر. چۈنكى ئۇ جىسىملار يىغىندىسىدۇر. ئۇنىڭدىكى
ھەر بىر جىسىم چەكلىك. چەكلىك نەرسىلەرنىڭ يىغىندى-
سىمۇ چەكلىك بولىشى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمدۇر. دىمەك



نىمۇ چەكلىك شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان، ھايات ۋە كائى-
نات چەكلىكتۇر. بىز چەكلىك نەرسىلەرگە نەزەر تاشلىساق
ئۇنىڭ ئەزەلى ئەمەسلىكىنى (يەنى باشلىنىش ئۇختىسى بار-
لىقىنى) كۆرىمىز. ئەكسىچە ھالدا بولسا، ئۇ چەكلىك بول-
ماس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چەكلىك نەرسە ئۆزىدىن باشقا
تەرەپىدىن يارىتىلغان بولىشى زۆرۈر. ئاشۇ چەكلىك نەرسى-
لەردىن باشقا ۋۇجۇد ئىنسان، ھايات ۋە كائىناتنىڭ ياراتقۇ-
چىسىدۇر. ئۇ ۋۇجۇد بولسا ياباشقا تەرەپتىن يارىتىلغان،
ياكى ئۆزىنى - ئۆزى ياراتقان، ياكى ئەزەلى ۋاجىبۇل ۋۇجۇد
دۇر. ياراتقۇچىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى توغرا
ئەمەس. چۈنكى ئۇ ھالدا چەكلىك بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىنى
- ئۆزى ياراتقانلىقىمۇ ناتوغرا. چۈنكى ئۇ بىر ۋاقىتنىڭ
ئۆزىدە ھەم ياراتقۇچى، ھەم مەخلۇق (باشقىلار تەرىپىدىن
يارىتىلغان) بولۇپ قالىدۇ. بۇ بولسا مۇتلەق مۇمكىن ئە-
مەس. دىمەك، ياراتقۇچى ئەزەلى ۋە ۋاجىبۇل ۋۇجۇد بولىشى
زۆرۈر. ئۇ الله تەئەلا دۇر.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئۆز سېزىمى
ئارقىلىق ھىس قىلىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ ئۈ-
زىدىلا ئۇ نەرسىلەرنى ياراتقان ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقىنى
ئىدراك قىلالايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە كۆزگە رو-
شەن تاشلىنىپ تۇرىدىغان ناقىسلىق، ئاجىزلىق ۋە ئۆزىدىن
باشقىغا مۇھتاجلىق سۈپەتلىرى مەۋجۇد. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇلار شەكسىز ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغان. شۇنىڭ ئۇ-
چۈنمۇ بۇتۈن ئالەمنى باشقۇرۇپ تۇرغان ياراتقۇچىنىڭ بارلى-

غىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن كائىنات، هايات ۋە ئىنساندىكى هەر قانداق نەرسىگە نەزەر تاشلاشنىڭ ئۆزى كۇپايە دۇر. كائىناتتىكى يۇلتۇزلارنىڭ قايسى بىرىگە نەزەر تاشلاپ، هايات مەنزىرىلىرىنىڭ قايسى بىرىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئىنساندىكى بىرەر ساهەنى ئىدراك قىلىشنىڭ ئۆزى الله تەئالانىڭ بارلىقىغا قەتئى دالالەت قىلىدۇ. شۇ مەخسەتتە قۇرئان كەرىم شەيئىلەرگە دىققەت ئېتىبارىنى قارىتىپ، ئىنساننى ئۇ شەيئىلەر، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ۋە ئۇلارغا ئالاقىدار بولغان شەيئىلەرگە نەزەرتاشلاپ، بۇنىڭ بىلەن الله تەئالانىڭ بارلىقىنى بىلىۋېلىشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى ئىنسان بۇ شەيئىلەرگە نەزەر تاشلايدىكەن، ئۇلارنىڭ باشقىغا مۇھتاجلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىن ئالەمنى باشقۇرۇپ تۇرغان ياراتقۇچى اللەنىڭ بارلىقىنى قەتئى ئىدراك قىلىۋالىدۇ. بۇ مەنادا بۇزلەپ ئايەتلەر مەۋجۇت.

اللەتەئالا ئال ئىمران سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

(ان فى خلق السموات والارض، واختلاف اليل والنهار لايات لاولي الالباب)

— «ئاسمانلار ۋە يەرنىڭ يارىتىلىشىدا ھەمدە كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرىشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (بىر ياراتقۇچى ۋە باشقۇرۇپ تۇرغۇچى زات مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە) روشەن دەلىللەر بار دۇر» 3:190

(ومن اياته خلق السموات والارض واختلاف السنتكم والوانكم)

— «ئۇنىڭ ئالامەتلىرىدىن (يەنە بىرى) ئۇ زاتنىڭ



ئاسمانلار ۋە يەرنى يارىتىشى ھەمدە سىزلەرنىڭ تىللىرىڭىز ۋە رەڭلىرىڭىزنى خىلمۇ ـ خىل قىلىپ قويغانلىقىدۇر» 30 : 22

غاشىيە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

(افلاينظرون الى الابل كيف خلقت، والى السماء كيف رفعت، والى الجبال كيف نصبت، والى الارض كيف سطحت)

— «ھەي، ئۇلار تۆگىنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا، ئاسماننىڭ قانداق كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىغا، تاغلارنىڭ قانداق تىكلەنگەنلىكىگە ۋە يەرنىڭ قانداق يېيىلىپ تۈزلەپ قويۇلغانلىقىغا ئىبرەت نەزىرى بىلەن قارىمامدۇ؟» 20 ـ 17 :88

تارىق سۈرىسىدە ئېيتتى:

(فلينظر الانسان مم خلق، خلق من ماء دافق يخرج من بين الصلب والترائب)

— «ئەمدى ئىنسان ئۆزىنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا سەرقاراپ باقسۇن؟ ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىدىن يارىتىلغان. ئۇ مەنى ئۇمرۇتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىدۇ.» (7 ـ 5 :86)

بەقەرە سۈرىسىدە:

(ان فى خلق السموات والارض، واختلاف اليل والنهار والفلك التى تجرى فى البحر بما ينفع الناس، وما انزل الله من السماء من ماء فاحيا به الارض بعد موتها، وبث فيها من كل دابة، وتصريف الرياح والسحاب المسخر بين السماء والارض، لايات لقوم يعقلون)

— «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە

...دىن كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەر-
سىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، الله
بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدى-
غان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شا-
مال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان - زېمىن
ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشى-
لەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (اللەنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان)
دەلىللەر باردۇر.» 2:164

ئاشۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەر ئىنساننى بارچە نەرسى-
لەر، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ۋە ئۇلارغا ئالاقىدار بولغان باشقا
نەرسىلەرگە چوڭقۇر نەزەر سېلىپ، بۇنىڭ بىلەن ئالەمنى
باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، اللەغا
بولغان ئىمانىنى ئەقىل ۋە دەلىلدىن كېلىپ چىققان پۇختا
ئىمان دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشكە چاقىرىدۇ.

تۇغرا، پۈتۈن ئالەمنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى ياراتقۇچىغا
ئىشىنىش ھەر بىر ئىنساندا تەبىئىي دۇر. بىراق بۇ تەبىئىي
ئىشىنىش ۋىجدان يولى بىلەن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بۇ يول
ئاقىبەتتە ئىشەنگىلى بولمايدىغان يول بولۇپ، ئەگەر ئۆز
ھالىغا تاشلاپ قويۇلسا بىر نۇقتىغا مەركەزلەشمەيدۇ.
ۋىجدان كۆپۈنچە ئۆزى ئىشىنىۋالغان ياراتقۇچىغا ياراتقۇچىنىڭ
ئاجرالماس سۈپەتلىرى دەپ خىيال قىلىپ، ھەقىقەتتە بولما-
يوق نەرسىلەرنى ئارلاشتۇرىۋالىدۇ - دە، نەتىجىدە كۇفرى
ياكى ئېزىش - زالالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇتلارغا سىغى-
نىش، خۇراپات، ئاساسسىز ئويدۇرما، توقۇلما نەرسىلەر-



گە، ئەپسانىلارگە ئىشىنىش ۋىجدانىمىز سىركۆر خاقانىسىنىڭ
نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام
يالغۇز ۋىجداننىڭ ئۆزى ئىمانغا ئېلىپ بارىدىغان يول دەپ
تەن ئالمىدى. شۇنداق ۋىجدان الله تەئالاغىمۇ ئۇنىڭ ئىلاھلى-
قىغىمۇ قارىمۇ - قارشى سۈپەتلەرنى توقۇپ چىقىدۇ. ماددى
نەرسىلەردە گەۋدىلىنىشى مۇمكىن دەپ ئويلىمايدۇ ياكى ماد-
دى نەرسىلەرگە سىغىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىق ھا-
سىل قىلىش مۇمكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ كۇفرى ياكى
شېرىككە ياكى ھەقىقىي مەنادىكى ئىمان قوبۇل قىلمايدىغان
ئاساسسىز ئەپسانىلار ۋە خۇراپاتلارغا ئېلىپ بارمايدۇ. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئىسلام ۋىجدان بىلەن ئەقىلنى بىرگە ئىشلىتىش-
كە چاقىرىدۇ. ئىسلام مۇسۇلمانغا الله تەئالاغا ئىشىنىشتە
ئەقىلنى ئىشلىتىشنى شەرت قىلدى. ئەقىدە جەھەتتە باشقى-
لارغا تەقلىد قىلىشتىن توستى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تەئالاغا
ئىشىنىشتە ئەقىلنى ھاكىم قىلدى. قۇرئان كەرىمدە الله
تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

(ان في خلق السموات والارض واختلاف اليل والنهار لايات
لاولي الالباب)

- «ئاسمان ۋە يەرنىڭ يارىتىلىشىدا ھەمدە كېچە-
كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى
(بىر ياراتقۇچى ۋە باشقۇرۇپ تۇرغۇچى زات مەۋجۇت
لىكىگە) روشەن دەلىللەر بار دۇر». 3:190

ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆز ئىمانىنى
پىكىر يۈرگۈزۈش، ئىزدىنىش ۋە ئىبرەت نەزىرىدىن كېلىپ

چىقىدىغان ئىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشى لازىم. ئۇ، اللە
تەئالاغا ئىمان كەلتۈرۈشتە ئەقىل ـ ئىدراكنى مۇتلەق ھا-
كىم قىلىۋېلىشى زۆرۈر. قۇرئان كەرىم خىلمۇ ـ خىل
سۈرىلەردە كائىناتقا نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتلەر-
نى ئۆگىنىپ چىقىپ ئۇنى يوقتىن بارقىلغان ياراتقۇچىغا
ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن يول تېپىشقا قارىتىلغان دەۋەتنى
يۈز قېتىملاپ تەكرارلايدۇ. بۇ دەۋەتلەرنىڭ بارچىسى ئىنسا-
نىڭ ئەقلي قۇۋۋىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنى چوڭقۇر پى-
كىر يۈرگۈزۈشكە چاقىرىدۇ. ئىنساننىڭ ئىمانى ئەقىل ۋە
دەلىل ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىشىنى خالايدۇ. بۇ دەۋەتلەر
ئىنساننى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئۇلار توغرىسىدا
پىكىر يۈرگۈزمەي، تەكشۈرۈپ كۆرمەي، ئۇلارنىڭ ھەقىقەت
ئىكەنلىكىگە ئىشەنچى ھاسىل قىلماي تۇرۇپ قارىغۇلارچە قو-
بۇل قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئەنە شۇنداق
ئىمان، ئىسلام تەلەپ قىلغان ئىماندۇر. بۇ ئاجىزلارنىڭ
ئىمانى دەپ ئاتىلىدىغان ئىمان ئەمەس، بەلكى بۇ ھەر نەرسى-
گە نەزەر سېلىپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن
نەزەر سېلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ياردىمىدە ئۇلۇغ قۇدرەت
ئىگىسى بولغان اللەنىڭ بارلىقىغا ئېنىق ئىشەنچىگە ئېرىش-
كەن يارقىن پىكىر ۋە ئېنىق دەلىل ئىگىسىنىڭ ئىمانى
دۇر.

ئىنسان اللە تەئالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە يېتىش ئۈچۈن
ئەقلىنى ئىشقا سېلىشى زۆرۈر بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ئۆزى-
نىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ۋە ئەقلىنىڭ ئىمكانىيەت دائىرىسىدىن



تاشقىرىدىكى نەرسىلەرنى ئىدراك قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.
بۇنى تۆۋەندىكىدەك چۈشىنىش لازىم. ئىنساننىڭ ئەقلى
چەكلىك بولۇپ ئۇنىڭ ئەقلى قۇۋۋىتى ھەرقانچە يۇقىرى بولغان
بولسىمۇ، ئۇ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان چېگرالار بىلەن چېگرا-
لانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىدراك قىلىشىمۇ چەكلىك
دۇر. شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇكى، ئەقىل اللەنىڭ زاتىنى
(ئۆزىنى) ھەمدە ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلىشتىن ئا-
جىزلىقى مۇقەررەر. چۈنكى اللەتەئالا كائىنات، ئىنسان ۋە
ھاياتتىن تاشقىرىدۇر. ئىنساندىكى ئەقىل بولسا ئىنساندىن
تاشقىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىدراك قىلالمايدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئەقلى اللە تەئالانىڭ زاتىنى ئىد-
راك قىلىشتىن ئاجىز دۇر. بۇ ئورۇندا اللەنىڭ زاتىنى
ئىدراك قىلىشتىن ئىنساننىڭ ئەقلى ئاجىز بولۇپ تۇرۇپ،
قانداق قىلىپ ئۇ ئەقىل ياردىمىدە اللەغا ئىشىنەلەيدۇ؟ دې-
يىش ئورۇنسىز دۇر. چۈنكى ئىمان اللەنىڭ بارلىقىغا ئىشە-
نىشدۇر. ئۇنىڭ بارلىقى بولسا ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ بار-
لىقىدىن ئىدراك قىلىنىدۇ. ئۇلار كائىنات، ئىنسان ۋە
ھاياتتىن ئىبارەت. ۋۇلار ئەقىل ئىدراك قىلالايدىغان نەرسى-
لەر دائىرىسىگە كىرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ئەقىل بۇلارنى ئىد-
راك قىلىۋالغاچقا، بۇلارنى ياراتقان ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى
ئىدراك قىلىدۇ. ئۇ اللە تەئالا دۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن
اللەنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئەقىل
دائىرىسىدىكى ئىش بولۇپ قالىدۇ. اللەنىڭ زاتىنى ئىدراك
قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشدۇر. چۈنكى اللەنىڭ زاتى

كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات* دائىرىسىدىن تاشقىرىدادۇر.
دېمەك، ئەقلىنىڭمۇ دائىرىسىدىن تاشقىرىدادۇر. ئەقىل بول-
سا ئۆز دائىرىسىدىن تاشقىرىدىكى نەرسىلەرنى ئىدراك قىلال-
مىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتىنىمۇ
ئىدراك قىلالمايدۇ. ئەقىلدىكى بۇ نۇقسانىنىڭ ئۆزىلا شەك
شۈبھە تۇغدۇرغۇچى ئامىل ئەمەس. بەلكى ئىمانىنى مۇستەھ-
كەملىگۈچى ئامىللاردىن بولۇشى لازىم. چۈنكى بىزنىڭ ئال-
لاھقا بولغان ئىمانىمىز ئەقىل ياردىمىدە ھاسىل بولغاچ، ئۇنىڭ
بارلىقىنى ئىدراك قىلىشىمىزمۇ مۇكەممەل ئىدراك قىلىش
بولۇپ قالىدۇ. الله تەئالانىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشىمىز،
ئەقىلغا باغلانغاچ، ئۇنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشىمىز ئېنىق
ھېس قىلىش بولۇپ قالىدۇ. بۇ بولسا بىزدە ئىلاھلىق سۈ-
پەتلەرنىڭ بارچىسىغا نىسبەتەن مۇكەممەل ئىدراك ۋە ئېنىق
ھېس قىلىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. بۇ مۇكەممەل ئىدراك
ۋە ئېنىق ھېس قىلىش بىزنى – اللەغا قانچە قاتتىق ئىشەن-
سەكمۇ ئۇ زاتنىڭ ماھىيىتىنى ئىدراك قىلالمايدىغانلىقىمىزغا قا-
نائەتلەندۈرۈشى لازىم. ئەقىل ئىدراك قىلىشتىن ئاجىز بولغان
ماۋزۇلاردا الله تەئالا تەرىپىدىن بىزگە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا
تەسلىم بولۇشىمىز زۆرۈر ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىل-
دۇرۇشىمۇ مەزكۇر ئىدراك ۋە ھېس قىلىشنىڭ ۋەزىپىسى
دۇر. بۇ بولسا، ئىنساننىڭ ئەقلى ئۆزىنىڭ چەكلىك نىسبىي
ئۆلچىمى ياردىمىدە ئۆز دائىرىسىدىن تاشقىرىدىكى نەرسىلەرنى
ئىدراك قىلىشتىن تەبىئىي ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن دۇر. چۈن-
كى ئاشۇ ئىدراك نىسبىي بولمىغان، چەكلەنمىگەن ئۆلچەم-



لەرگە مۇھتاجدۇر. ھالبۇكى، ئىنسان بۇنداق ئۆلچەملەرگە
ئىگە ئەمەس ۋە ئېگىمۇ بولالمايدۇ.

ئەمدى پەيغەمبەرلەرگە ئېھتىياج بارلىقىغا كەلسەك،
ئىنسان الله تەئالانىڭ ياراتقان مەخلۇقى ئىكەنلىكى، دىندار-
لىق ئىنساندا تەبىئىي ئىكەنلىكى ئېنىق دۇر. چۈنكى دىندار-
لىق ئىنساندىكى غەرىزىلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ
يارىتىلىش تەبىئىتىگە ئاساسەن ئۆز ياراتقۇچىسىنى ئۇلۇغلاي-
دۇ، مۇقەددەس دەپ بىلىدۇ. ئاشۇ ئۇلۇغلاش، مۇقەددەس-
لەش ئىبادەت دۇر. ئىبادەت بولسا ئىنسان بىلەن ياراتقۇچى
ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە دۇر. بۇ ئالاقىنى ئەگەر قانۇن –
نىزامسىز تاشلاپ قويۇلسا ئىبادەتنىڭ بىقارار بولۇپ قېلىشى
ياكى ياراتقۇچىدىن باشقىغا سېغىنىپ قويۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ئالاقىنى توغرا قانۇن – قائىدە ئاساسىدا
تەرتىپكە سېلىش زۆرۈر. بۇ قانۇن – قائىدە ئىنسان تەرىپى-
دىن تۈزۈلۈپ چىقىرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ يارات-
قۇچىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلالمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن
ئىنسان ئۆزى بىلەن ياراتقۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى
تەرتىپكە سېلىپ تۇرغۇچى قانۇننى تۈزەلمەيدۇ. دېمەك، بۇ
قانۇن پەقەت ياراتقۇچى تەرىپىدىن بولۇشى زۆرۈر. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە ياراتقۇچى بۇ قانۇننى ئىنسانغا يەتكۈزۈشى
لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تەئالانىڭ دىنىنى ئىنسانلارغا
يەتكۈزگۈچى پەيغەمبەرلەر – رەسۇللەرنىڭ بولۇشى زۆرۈر.
ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۇھتاجلىقى مەسىلىسىگە
يەنە بىر دەلىل، ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ غەرىزىلىرى ھەمدە ئۆزۈي

ئىھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشى زۆرۈر. بۇ ئىھتىياجلارنى قاندۇرۇش قانۇن – قائىدە ئاساسىدا ئىجرا قىلىنمىسا ناتوغرا ياكى غەيرى قانۇنى يول بىلەن قاندۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ – دە، نەتىجىدە ئىنساننىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئىنساننىڭ غەرىزىلىرى ۋە ئۆزۈۋى ئېھتىياجلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ تۇرغۇچى قانۇن - قائىدە بولىشى زۆرۈر. بۇ قانۇن - قائىدىنى ئىنسان تۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىنسان غەرىزىلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ھەققىدىكى چۈشەنچىسى تەپاۋۇت، خىلمۇ - خىللىق، قارمۇ - قارشىلىق ۋە ئۆزى ياشاپ تۇرغان مۇھىتتىن تەسىرلىنىشكە مەھكۇم. ئەگەر بۇنداق قانۇننى يارىتىش ئىنساننىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىلسە، قانۇن تەپاۋۇت، خىلمۇ - خىللىق ۋە قارمۇ - قارشىلىقلار ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئىنساننىڭ بەختسىز بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك، ئىنساننىڭ غەرىزىلىرى ۋە ئۆزۈۋى ئېھتىياجلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ تۇرغۇچى قانۇن پەقەت اللە تەئالا تەرىپىدىن تۈزۈلىشى زۆرۈر.

ئەمدى قۇرئان اللە تەئالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە كەلسەك، قۇرئان ئەرەبچە كىتاب. ئۇنى مۇھەممەد (س ئە ۋ) ئېلىپ كەلگەن. قۇرئان يا ئەرەبلەر تەرىپىدىن ياكى مۇھەممەد (س ئە ۋ) تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان ياكى اللە تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن - بولىدۇ.

قۇرئان بۇ ئۈچىدىن باشقا تەرەپتىن بولىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئەرەپ تىلىدا ۋە ئەرەبچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان. قۇرئان ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغانلىقى ناتوغرا. چۈنكى قۇرئان ئەرەبلەرنى مۇنازىرىگە چاقىرىپ، قۇرئاننىڭ جۈملىلىرىگە ياكى ئۇنىڭدىكى ئىبارىلەرگە ئوخشاش بىرەر سۈرە ئىجات قىلىشتا كۈچ سىناشقا چاقىردى.

(قل فأتوا بعشر سور مثله)

– «ئى مۇھەممەد! ئۇ ھالدا شۇنىڭغا (قۇرئانغا) ئوخشاش ئون سۈرە كەلتۈرۈڭلار دەپ ئېيتقىن» 11:13

(قل فأتوا بسورة مثله)

– «ئى مۇھەممەد! قېنى ئۇنىڭ سۈرىلىرىدەك بىر دانە سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلارچۇ! دەپ ئېيتقىن» 10:38

ئەرەبلەر بۇساھەدە ئۇرۇنۇپ كۆردى. بىراق، بۇ تەكلىپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. دېمەك بۇنىڭدىن چىقىدۇكى قۇرئان ئۇلارنىڭ ئىجات قىلغان سۆزلىرى ئەمەس. چۈنكى ئۇلار، قۇرئان ئۇلارنى مۇنازىرىگە چاقىرغان ۋە ئۇلار بۇمۇنازىرىدە تىرىشىپ ھەركەت قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە يارىتالمىدى.

قۇرئان مۇھەممەد تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغانلىقىمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى مۇھەممەد (س ئە ۋ) ئەرەپ خەلقىنىڭ بىر ۋەكىلى. بىر داھىنىڭ ئىستېدادى قانچىلىك يۈكسەك بولسۇن بەربىر ئىنسانلىقى بويىچە ۋە ئۆز جەمئىيىتى، ئۆز خەلقىنىڭ پەرزەنتلىكى بويىچە قالىدۇ. ئەرەپ خەلقى قۇرئانغا ئوخشاش بىر مۇكەممەل ئەسەر يارىتالمايدىكەن، دېمەك، ئەرەپ پەرزەنتى بولغان مۇھەممەد (س ئە ۋ) گىمۇ بۇ سۆز تامامەن تەئەللۇقلۇقتۇر. دېمەك، قۇرئان مۇھەممەد

ئەقىل ئىدراك قىلىشىمۇ ياكى ئەقىل ئىلىڭ ئىدراك دائىرىسى-
دىن ئاشقىرىدا بولىشىمۇ اللە تەئالا بىزگە خەۋەر بەرگەن
ئەرسىلەرگە سۆزسىز ئىشىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇنەر-
سىلەر ھەققىدە بىزگە اللە تەئالا خەۋەر بەرگەن. شۇنىڭغا
ئاساسەن قۇرئان كەرىم ۋە قەتئى ھەدىسلەردە كەلگەن قايتا
تىرىلىشقا، قايتا تىرىلگەندىن كېيىن بىر مەيدانغا يىغىلىشقا،
جەننەتكە، دوزاخقا، ھېساب ئېلىنىشقا، ئازاپقا، پەرىشتى-
لەر، جىنلار، شەيتانلار ۋە باشقىلارغا ئىمان كەلتۈرۈش
زۆرۈر. بۇ ئىمان نەقىل قىلىنىش ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەر-
دىن ئاڭلاش نەتىجىسىدە ھاسىل قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق
ئۇ ئەسلىدە ئەقلى ئىماندۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلى ـ ئاساسى
ئەقىل ياردىمىدە ئىسپات قىلىنغان. شۇنىڭغا ئاساسەن ھەر
بىر مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسى پەقەت ئەقىل ياكى ئەسلى ئىكە-
نى ئەقىل ياردىمىدە ئىسپات قىلىنغان مۆجىزىكىلا ئاساس-
لانغان بولىشى زۆرۈر. دېمەك مۇسۇلمان پەقەت ئەقىل يار-
دىمىدە ئىسپاتلانغان، ياكى قەتئى، ئېنىق ئاڭلاش يولى بە-
لەن ئېلىنغان مەلۇماتلار يەنى قۇرئان كەرىم ۋەقەتئى (مۇتە-
ۋاتىر) ھەدىس ياردىمىدە ئىسپات قىلىنغان مەلۇماتلارغىلا
ئېتىقاد قىلىشى شەرت. ئاشۇ ئىككى يول يەنى، ئەقىل ۋە
كىتاپ (قۇرئان) ھەمدەقەتئى سۈننەت ۋاستىسىدا ئىسپات
قىلىنمىغان ھەرقانداق مەلۇماتلارغا ئېتىقات قىلىش مۇسۇل-
مان ئۈچۈن ھارامدۇر. چۈنكى ئەقىدىلەر پەقەت ئېنىق ۋە
ئىشەنچلىك دەلىلدىنلا ئېلىنىدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ دۇنيا ھاياتىدىن ئىلگىرىكى ۋۇجۇد



ـ اللە تەئالاغا ئىشىنىش ھەمدە بۇ دۇنيا ھاياتىدىن كېيىنكى
قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش ۋاجىپ بولۇپ قالىدۇ. اللە تەئە-
لانىڭ بۇيرۇقلىرى ھاياتنىڭ ئىلگىرىكى ۋۇجۇدنىڭ ھاياتقا
ھەمدە يارىتىلىش ھادىسىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلە-
گەنلىكى ئۈچۈنمۇ، شۇنداقلا ئىنسان ھاياتدا قىلغان ئىشلە-
رىدىن ھېساب قىلىنىشى بولسا، ھاياتدىن كېيىنكى (ئا-
خىرەت) نىڭ ھاياتقا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قايتا تىرىلىش
ۋە بىرجايغا يىغىلىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەنلىكى
ئۈچۈنمۇ خۇلاسە قىلىش مۇمكىنكى، سۆزسىز بۇ ھايات ئۆ-
زىدىن ئىلگىرىكىگىمۇ، ئۆزىدىن كېيىنكىگىمۇ باغلىنىشى،
شۇنىڭدەك ئىنساننىڭ بۇ دۇنيا ھاياتىدىكى بارچە ھالەتلىرى
شۇ باغلىنىشقا باغلىق بولىشى زۆرۈر. دېمەك، ئىنسان ھايات-
دا اللە تەئالانىڭ قانۇنىغا مۇۋاپىق ھالدا ياشىشى ۋە ئۆزى
اللە تەئالا قىيامەت كۈنى ھاياتدا قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن
ھېساپ ـ كىتاپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى لازىم.

شۇنىڭ بىلەن كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات دائىرىسىدىن
ئاشقىرىسىدىكى نەرسىلەر ھەققىدە يارقىن پىكىر ۋۇجۇتقا
كەلدى. شۇنىڭدەك، ھاياتنىڭ ئاۋۋالقى ۋە كېيىنكى ۋۇجۇد-
لار ھەققىدىمۇ ھاياتنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ۋە كېيىنكى ۋۇ-
جۇتلارغا باغلىقلىقى ھەققىدىمۇ يارقىن پىكىر ھاسىل بول-
دى. نەتىجىدە ئەڭ ئاساسى تۈگۈن پۈتۈنلەي «ئىسلام ئەقد-
دىسى» ياردىمىدە يېشىلدى.

قاچانكى ئىنسان بۇيېشىمگە كېلىۋالسىلا بۇ دۇنيا ھاياتى
ھەققىدىكى پىكىرگە ۋە ئۇنىڭ ھەققىدىكى مىۋىلىك، ئەڭ

توغرا چۈشەنچىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە ئۈتىشى مۇمە
كىن. ئەينەن مانا شۇ يېشىم ئويغىنىش يولى ئۈچۈن تاللاذ.
غان مەبدەئىنىڭ، بۇ مەبدە دۇنيا قارشىنىڭ، مەبدەئدىن
كېلىپ چىقىدىغان تۈزۈمنىڭ شۇ مەبدە ئاساسىدا قۇرۇلىدى.
غان دۆلەتنىڭ ئاساسى . ئۇلى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن
كېلىپ چىقىدۇكى، بۇيېشىم ئىسلامنىڭ پىكرەت ۋە تەرەققىيات
جەھەتىدىن قۇرۇلغان ئاساسى بولۇپ، ئۇ ئىسلام ئەقىدىسى.
دۇر. الله تەئالا ئېيتتى :

(ياايها الذين امنوا بالله ورسوله والكتاب الذى
نزل علي رسوله والكتاب الذى انزل من قبل ومن يكفر بالله
وملائكته وكتبه ورسله واليوم الاخر فقد ضل ضلالا بعيدا)

– «ئى مۇئمىنلار، اللەغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە شۇ
پەيغەمبەرىگە نازىل قىلغان كىتابىغا ھەمدە ئىلگىرى نازىل
قىلغان كىتابىغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اللەغا، پەرىش.
تەلىرىگە، كىتابلارىغا، پەيغەمبەرلەرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە
ئىشەنمىسە، دېمەك، ئۇ يولدىن ناھايىتى ئازغان بولىدۇ»
4:136

سۆزسىز ئىشىنىش لازىم بولغان يۇقىرىدىكى پىكىرلەر
قارار تاپقاچقا، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى.
نىڭ بارچىسىغا ئىشىنىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى
ئىسلام شەرىئىتى قۇرئان كەرىمدە كەلگەن ۋە ئۇنى رەسۇلۇل.
لاھ (س ئە ۋ) ئېلىپ كەلگەن. ئەكسى ھالدا بۇ ئادەم ئۇ
مىسىنى ياكى ئۇنىڭ قەتئى ئىسپات قىلىنغان ئايرىم رەۋىش.



ـانەتلىرىنى ئىنكار قىلىش كۇفرىدۇر. بۇ قانۇنلار
ئىبادەتلەر، مۇئامىلەلەر، ئۇقۇبەت، (جازا) لەرياكى
يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ قايسى بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشىنىڭ پەرقى يوق. مەسلەن الله تەئالانىڭ:
(واقيموالصلاة)
ـ «نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىڭلار» 2:43
ئايىتىنى ئىنكار قىلىش،
(واحل الله البيع وحرم الربا)
ـ «الله سودىنى هالال، جازانىنى هارام قىلدى»
(2:275)
ئايىتىنى ئىنكار قىلىشقا ئوخشاش،
(والسارق والسارقة فاقطعوا ايديهما)
ـ «ئوغرىنىڭ ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن قولىنى
كېسىڭلار» 5:38
ئايىتىنى:
(حرمت عليكم الميتة والدم ولحم الخنزير وما اهل
لغير الله به)
ـ «سىلەرگە ئۆلۈكنى، قاننى، توڭگۇز گۆشىنى ۋە الله.
قا ئاتاپ سويۇلمىغان هايۋانلارنى هارام قىلىندى» 5:3
ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ئوخشاش كۇفرى دۇر.
شەرىئەتكە ئىشىنىش، ئىمان كەلتۈرۈش ئەقىلغا باغلىق بول.
ماستىن، بەلكى الله تەئالا تەرىپىدىن كەلگەن شەرىئەت
قانۇنلىرىنىڭ بارچىسىغا مۇتلەق تەسلىم بولۇش لازىمدۇر.
(فلاوربك لايؤمنون حتي يحكموك فيما شجر بينهم، ثم

لايجدوا حرجا مما قضيت ويسلموا تسليما)

– «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» 4 : 65



# قەزا ۋە قەدەر

الله تەئالا قۇرئان كەرىمنىڭ ئالي ئىمران سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

(وماكان لنفس ان تموت الا باذن الله كتابا مؤجلا)

– «ھەر بىر جان پەقەت الله تەئالا نىڭ ئىزنى بىلەن ۋە ئېنىق بەلگىلەپ قويۇلغان مۇددەتتە ئۆلىدۇ» 3 : 145

ئەئراپ سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

(ولكل امة اجل فاذا جاء اجلهم لايستاءخرون ساعة ولايستقدمون)

– «ھەر بىر جامائەت ئۈچۈن ئەجەل باردۇر. ئۇنداق ئىكەن، قاچانكى ئۇلارغا ئەجەل كەلسە، ئۇنى بىرەر سائەت كېيىنكىمۇ ئالدىغىمۇ سۈرەلمەيدۇ» 7 : 34

ھەدىد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

(وما اصاب من مصيبة فى الارض ولا فى انفسكم الا فى كتاب من قبل ان نبراها ان ذالك علي الله يسير)

– «يەرلىرىڭىز ۋە ئۆزلىرىڭىزلەرگە بىرەر مۇسىبەت يەتمەيدۇ، ئەگەر يەتسە، بىز ئۇنى پەيدا قىلىشتىن ئىلگىرى كىتابتا «لەۋھۇل مەھپۇزدا» يېزىلغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ الله تەئالاغا ئاساندۇر» 57 : 22

تەۋبە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

(قل لن يصيبنا الا ما كتب الله لنا هو مولانا وعلي الله

فليتوكل المؤمنون)
— «ئېيتقىن: بىزگە پەقەت اللە بىز ئۈچۈن يېزىپ
قويغان نەرسىلا يېتىدۇ. ئۇ بىزنىڭ خوجىمىز دۇر. ئۇنداق-
تا، ئىمانلىق كىشىلەر پەقەت اللەغىلا تەۋەككۈل قىلسۇن!
9:51»

سەبەئ سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:
(لايعزب عنه مثقال ذرة فى السموات ولافى الارض ولا
اصغر من ذالك ولا اكبر الا فى كتاب مبين)
— «ئاسمانلار ۋە يەردىكى بىر زەررە مىسقالچىلىك،
ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك (ياكى) كاتتا بىرەر نەرسە اللە دىن مەخ-
پى بولمايدۇ — ئەلۋەتتە ئوچۇق كىتابدا (اللەنىڭ ئەزەلى
يازغىنى لەۋھۇل مەھپۇزدا) ئۇ مەۋجۇتدۇر» 34:3
ئەنئام سۈرىسىدە مۇنداق دىگەن:
(وهوالذى يتوفاكم بالليل ويعلم ماجرحتم بالنهار ثم
يبعثكم فيه ليقضى اجل مسمى ثم اليه مرجعكم ثم ينبئكم
بما كنتم تعملون)
— «ئۇ كىچىسى «جېنىڭلارنى ئالىدىغان» يەنى ئۇيقا
بېرىدىغان، كۈندىزى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىدىغان
زات دۇر. كېيىن ئېيتىلغان ئەجەل (ياشاش ئۈچۈن بېرىل-
گەن مۇھلەت) ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا (كۈندىزى)
سىزلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. كېيىن ئۇزىگە قايتىشىڭلار بار
دۇر. كېيىن سىزلەرگە قىلىپ ئۆتكەن ئەمەللىرىڭلارنىڭ
خەۋىرىنى بېرىدۇ». 6:60
نىسا سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:



www.uyghurkitap.com

(وان تصبهم حسنة يقولوا هذه من عند الله، وان تصبهم
سيئة يقولوا هذه من عندك. قل كل من عند الله فما لهو"لا"
القوم لايكادون يفقهون حديثا)
— «ئەگەر ئۇلارغا (مۇناپىقلارغا) بىرەر ياخشىلىق يەت-
سە، بۇ اللەنىڭ ھۇزۇرىدىن، دەيدۇ. ئەگەر بىرەر يامانلىق
يېتىپ قالسا، ئۇنىڭغا سەن سەۋەبچىسەن، دەيدۇ. ئېيتقىن:
ھەممە نەرسە اللەدىن دۇر. نېمىشقا بۇ قەۋم كىشىلىرى ھېچ
گەپ ئاڭلىمايدۇ. ھە؟!». 4:78
بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنى كۆپچىلىك «قەزا
ۋەقەدەر» مەسىلىسىگە دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ. شۇنداق دە-
لىل قىلىپ كۆرسىتىدۇكى، بۇ دەلىلدىن گۈيا ئىنسان قى-
لىۋاتقان ئىشلاردا مەجبۇرلىنىۋاتقاندەك، قىلىۋاتقان ئىشلار-
نى اللەنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئاستىدا
ئەمەلگە ئاشۇر ۋاتقاندەك ۋە گۈيا ئىنسانىتىمۇ، ئۇنىڭ قىلىد-
غان ئىشىنىمۇ، ئەمەلىنىمۇ ئىنسانىنىڭ ئىختىيارىسىز اللە
ياراتقاندەك — ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقاندەك — بولۇپ كۆرىنى-
دۇ. ئۇلار ئۇز سۆزلىرى ۋە دەۋالىرىنى اللەنىڭ ئۇشبۇ
سۆزى بىلەن قۇۋەتلىمەكچى بولىدۇ:
(والله خلقكم وما تعملون)
— «سىزلەرنىمۇ ۋە ئەمەللىرىڭىزنىمۇ اللە ياراتقان»
37:96

شۇنىڭدەك ھەدىسلەر بىلەنمۇ ئۇز پىكرىنى قۇۋەتلىمەك-
چى بولىدۇ. مۇھەممەد (صلي اللەعليەوسلم) نىڭ ئۇشبۇ
ھەدىسىنى دەلىل سۈپىتىدە كەلتۈرىدۇ: «قەلبىمگە روھۇل

قۇددۇس جىبرىئىل شۇ سۆزنى موھورلىدى ھەر بىر جان
ئۆز رىزقىنى تولۇق ئېلىپ بولماي، ئۆز ئەجىلىنى ـ ئۇنىڭغا
بەلگىلەنگەن ئۆمرىنى ياشاپ بولماي ۋە ئۇ، ئۇچۇن بەلگىلىك
مىقداردا يارىتىلغان نەرسىلەرنى تولۇق قىلىپ بولماي تۇ-
رۇپ، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ».

مەلۇمكى، «قەزا ۋە قەدەر» مەسىلىسى ئىسلام مەزھەپ-
لىرىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەھلى سۈن-
نەتنىڭ بۇ ھەققىدىكى پىكرىنىڭ خۇلاسىسى: «ئىنساندا
بىرەر ئىشنى قىلىش قىلماسلىق (كەسىپ) دە ئىختىيارى
بار. قىلىش ـ قىلماسلىق ئىختىيارى بولغاچقا ئۇ سوراق
قىلىنىدۇ». مۇئتەزىلە نىڭ پىكرى بولسا
تۆۋەندىكىچە: «ئىنسان قىلىدىغان ئەمەللەرنى ئۆزى يارىتى-
دۇ. شۇ ئەمەللىرى ئۈچۈن سوراق قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇ
ئىشلارنى ئۆزى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن». جەبرىيەلەر بولسا
تۆۋەندىكى پىكىرگە ئىگە: «بەندىنىمۇ، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئە-
مەللىرىنىمۇ الله يارىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندە قىلىدىغان
ئىشلىرىدا مەجبۇر قىلىنغان، ئۆز ئىختىيارىغا ئىگە ئەمەس،
ئۇ گويا شامال خالىغان تەرەپكە ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كېتىدىغان
پەيگە ئوخشايدۇ».

«قەزا ۋە قەدەر» مەسىلىسىنى دىققەت بىلەن تەكشۈر-
گەن كىشى بۇ ساھەدە بەھس يۈرگۈزۈشنىڭ نازۇكلىقى سە-
ۋەبىدىن، بەھسنىڭ ئۇلى بولغان ئاساسنى ئېنىق بىلىۋې-
لىش لازىملىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىدۇ. ئىنساننىڭ قىلى-
دىغان ئىشلىرىنى ـ ئۇنىڭ ئۆزى يارىتامدۇ ياكى الله تەئالا-



مۇ؟» دېگەن مەنادا ـ بەھسكە ئاساس قىلىنىۋېلىنمايدۇ. «الله
تەئالا ئەلۋەتتە ئىنسان پالانى ئىشنى قىلىدۇ ۋە ئىنساننىڭ
شۇ قىلماقچى بولغان ئىشنى مۇكەممەل بىلىپ تۇرىدۇ»،
ـ دېگەن مەنادا الله تەئالا نىڭ ئىلمىمۇ بەھسكە ئاساس
بولالمايدۇ. ئاساس «الله تەئالانىڭ خاھىش ئىرادىسى ئىن-
ساننىڭ قىلىدىغان ئىشىغا بىۋاستە ئالاقىدار، شۇنىڭ ئۈچۈن-
مۇ ئۇشبۇ خاھىش سەۋەبىدىن ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئىشى
ۋۇجۇتقا كېلىدۇ»، دېگەن مەنادا اللهنىڭ خاھىش ئىرادىسىمۇ
ئەمەس. ئاساس «ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى «لەۋھۇل-
مەھپۇزدا» يېزىپ قويۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان نېمە يې-
زىلغان بولسا شۇنى قىلىدۇ»، ـ دېگەن پىكىرمۇ ئەمەس.
ھەتتا، يۇقىرىدا ئۆتكەن نەرسىلەرنىڭ بىرەرسى «قەزا ۋە
قەدەر» مەسىلىسى ھەققىدە بەھس يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسى بو-
لالمايدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەرنى «ساۋاپ ۋە جازا» جەھەتتى-
دىن «قەزا ۋە قەدەر» ماۋزۇسىغا ئالاقىسى يوق. بەلكى ئۇلار
ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش، ھەممە نەرسىنى ئىھاتە قىلىۋالغان ئى-
لىم، ھەممە مۇمكىناتلارغا تەئەللۇق بولغان ئىرادە ھەممە
لەۋھۇل مەھپۇز ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى جە-
ھەتتىدىن ماۋزۇغا ئالاقىدار دۇر. بۇ ئالاقە بولسا ئىنسان قىلى-
غان ئىشلىرىغا ساۋاپ ئېلىشى ياكى جازالىنىشى ماۋزۇسى-
دىن باشقا، ئالاھىدە ماۋزۇ دۇر. يەنى، ئىنسان ياخشى ياكى
يامان ئىشلارنى قىلىشتا مەجبۇرمۇ ياكى ئىختىيارىغا ئىگىمۇ؟
ئىنسان بىرەر ئىشنى قىلىش، قىلماسلىقتا ئىختىيارىغا ئىگە-
مۇ ياكى ئۇنىڭدا ئىختىيار يوقمۇ؟.

ئىنسان تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئىشلارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ كۆرۈلسە شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، ئىنسان ئىككى دائىرە ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ ئىككى دائىرىنىڭ بىرىدە ئىنسان ھۆكۈم يۈرگۈزىدۇ، بۇ دائىرە ئىنساننىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىدۇ. بۇ دائىرە ئىچىدە ئىنسان ھەممە ئىشلىرى - ئەمەللىرىنى ئۆزىنىڭ تولۇق ئىختىيارى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئىككىنچى دائىرە ئىنسان ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. بۇ شۇنداق مەيدانكى، ئىنسان بۇنىڭ ئىچىدە ئۆز ئىختىيارىغا ئىگە بولمىغان ھالدا ياشايدۇ. بۇ دائىرىدە خاھى ئىنسان تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ياكى باشقا تەرەپتىن شۇ ئىنسانغا نىسبەتەن سادىر قىلىنغان بولسۇن - ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان ئەمەللەر سادىر بولىدۇ.

ئىنسانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دائىرىدە سادىر بولىدىغان ئىشلارغا ئۇنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۇلارنىڭ سادىر بولىشىدا ئىنسان ھېچبىر جەھەتتىن شېرىك ئەمەس. بۇنداق ئىشلار ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ: بىرىنچى ۋۇجۇت - تەبىئەت قانۇنلىرى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار. ئىككىنچىدىن ئىنسان ئىختىيارىغا بويسۇنمايدىغان ۋە ئۇلاردىن ئىنسان ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالمايدىغان، تەبىئەت قانۇنلىرى تەلەپ قىلمايدىغان ئىشلار. ۋۇجۇت - تەبىئەت قانۇنلىرى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار ئىنساننى تەبىئى قانۇنلارغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئىنسان بۇ ۋەقە ۋە ھادىسەلەر بىلەن كېلىشىشكە مەجبۇر. چۈنكى ئۇ ھايات بىلەن مەخسۇس قانۇن



ئاساسىدا بىرگە ھەركەتلىنىدۇ، بىرقەدەممۇ ئارقىدا قالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەيداندىكى ئەمەللەر - ھادىسەلەر ئىنساننىڭ خاھىش ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا يۈز بېرىدۇ. ئىنسان بۇ مەيداندا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر، ئىختىيارىغا ئىگە ئەمەس. مەسىلەن، ئىنسان بۇدۇنياغا ئۆز ئىختىيارىسىز كەلدى ۋە بۇ دۇنيادىن ئۆزىنىڭ خاھىش - ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا كېتىدۇ. ئۇ ھېچقانداق ۋاستىسىز ئۆز جىسمى بىلەن ھاۋاغا ئۇچالمايدۇ، ئۆزىنىڭ تەبىئى ئېغىرلىقى بىلەن سۇ يۈزىدە ماڭالمايدۇ. ئىنسان قىياپىتىنىڭ شەكلىنى ۋە قەددىقامىتىنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە يارىتالمايدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى الله ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. الله تەئالا تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىنسانىيەتنىڭ بولسا بۇ ئىشلارغا ھېچقانداق مۇناسىۋىتى ۋە ئالاقىسى يوق. چۈنكى بۇتۈن ۋۇجۇت قانۇنلارنى يارىتىپ، تەبىئەتنى بۇ قانۇنلارغا بويسۇندۇرغان الله تەئالادۇر. ۋۇجۇت بۇ قانۇنلار ئاساسىدا ھەركەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن چەتكە چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس.

ئىنساننىڭ ئىككىنچىسىدە، بولمىغان، ئۆزىنى ھىمايە قىلالمايدىغان ۋە ۋۇجۇت - تەبىئەت قانۇنلىرىمۇ تەقەززا قىلمايدىغان ئىشلار ئىنساننىڭ ئۆزى تەرىپىدىن سادىر بولمىغان ياكى ئۇنىڭغا قارشى سادىر قىلىنغان بولسىمۇ مەجبۇرى ھالدا يۈز بېرىپ، ئىنسان ئۆزىدىن مۇتلەق توسالمايدىغان ئىشلار دۇر. مەسىلەن، تام ئۈستىدە تۇرغان بىركىشى ئىككىنچى بىركىشىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ ئۇنى ھالاك قىلغانغا

ئىنسان تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئىشلارنى
چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ كۆرۈلسە شۇ نەرسە مەلۇم بولىدىكى،
ئىنسان ئىككى دائىرە ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ ئىككى دائىرىنىڭ
بىرىدە ئىنسان ھۆكۈم يۈرگۈزىدۇ، بۇ دائىرە ئىنساننىڭ
باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىدۇ. بۇ دائىرە ئىچىدە ئىنسان ھەم-
مە ئىشلىرى - ئەمەللىرىنى ئۆزىنىڭ تولۇق ئىختىيارى
بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئىككىنچى دائىرە ئىنسان ئۈستى-
دىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. بۇ شۇنداق مەيدانكى، ئىنسان
بۇنىڭ ئىچىدە ئۆز ئىختىيارىغا ئىگە بولمىغان ھالدا ياشايدۇ.
بۇ دائىرىدە خاھى ئىنسان تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان
ياكى باشقا تەرەپتىن شۇ ئىنسانغا نىسبەتەن سادىر قىلىنغان
بولسۇن - ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان ئەمەللەر
سادىر بولىدۇ.

ئىنسانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دائىرىدە سادىر بولى-
دىغان ئىشلارغا ئۇنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۇلار-
نىڭ سادىر بولىشىدا ئىنسان ھېچبىر جەھەتتىن شېرىك
ئەمەس. بۇنداق ئىشلار ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ: بىرىنچى
ۋۇجۇت - تەبىئەت قانۇنلىرى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار. ئىك-
كىنچىدىن ئىنسان ئىختىيارىغا بويسۇنمايدىغان ۋە ئۇلاردىن
ئىنسان ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالمايدىغان، تەبىئەت قانۇنلىرى
تەلەپ قىلمايدىغان ئىشلار. ۋۇجۇت - تەبىئەت قانۇنلىرى
تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار ئىنساننى تەبىئى قانۇنلارغا بويسۇ-
نىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئىنسان بۇ ۋەقە ۋە ھادىسىلەر بىلەن
كېلىشىشكە مەجبۇر. چۈنكى ئۇ ھايات بىلەن مەخسۇس قانۇن



ئاساسىدا بىرگە ھەركەتلىنىدۇ، بىرقەدەممۇ ئارقىدا قالالماي-
دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەيداندىكى ئەمەللەر - ھادىسىلەر
ئىنساننىڭ خاھىش ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا يۈز
بېرىدۇ. ئىنسان بۇ مەيداندا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر، ئۆز
ئىختىيارىغا ئىگە ئەمەس. مەسىلەن، ئىنسان بۇدۇنياغا ئۆز
ئىختىيارسىز كەلدى ۋە بۇ دۇنيادىن ئۆزىنىڭ خاھىش-
ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا كېتىدۇ. ئۇ ھېچقانداق
ۋاسىتىسىز ئۆز جىسمى بىلەن ھاۋاغا ئۇچالمايدۇ، ئۆزىنىڭ
تەبىئى ئېغىرلىقى بىلەن سۇ يۈزىدە ماڭالمايدۇ. ئىنسان
قىياپىتىنىڭ شەكلىنى ۋە قەددىقامىتىنى ئۆزى خالىغان شە-
كىلدە يارىتالمايدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى الله ۋۇجۇتقا
كەلتۈرىدۇ. الله تەئالا تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىنساننىڭ بول-
سا بۇئىشلارغا ھېچقانداق مۇناسىۋىتى ۋە ئالاقىسى يوق.
چۈنكى پۈتۈن ۋۇجۇت قانۇنلارنى يارىتىپ، تەبىئەتنى بۇقا-
نۇنلارغا بويسۇندۇرغان الله تەئالادۇر. ۋۇجۇت بۇ قانۇنلار
ئاساسىدا ھەركەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن چەتكە چىقىش ئىمكا-
نىيىتىگە ئىگە ئەمەس.

ئىنساننىڭ ئىمكانىيىتىدە بولمىغان، ئۆزىنى ھىمايە
قىلالمايدىغان ۋە ۋۇجۇت - تەبىئەت قانۇنلىرىمۇ تەقەززا قىل-
مايدىغان ئىشلار ئىنساننىڭ ئۆزى تەرىپىدىن سادىر بولىد-
غان ياكى ئۇنىڭغا قارىتى سادىر قىلىنغان بولسىمۇ مەجبۇرى
ھالدا يۈز بېرىپ، ئىنسان ئۆزىدىن مۇتلەق توسالمايدىغان
ئىشلار دۇر. مەسىلەن، تام ئۈستىدە تۇرغان بىركىشى ئىك-
كىنچى بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ ئۇنى ھالاك قىلغانغا

ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. مەسىلەن، ئەۋلى غەرىزىسىنى جىنسى
مايىللىق خۇسۇسىيىتىنى، ئۆزۈۋى ئېھتىياجلاردا بولسا ئاچ-
لىق، تەشنالىق ۋە ھاكەزا خۇسۇسىيەتلەرنى يارىتىپ، بۇ
خۇسۇسىيەتلەرنى تەبىئەت قانۇنلىرى ئاساسىدا مەزكۇر غەرى-
زە ۋە ئۆزۈۋى ئېھتىياجلارنىڭ ئاجرالماس خۇسۇسىيەتلىرىگە
ئايلاندۇردى. ئەرسىلەردىكى ۋە ئىنساندا مەۋجۇد بولغان غە-
رىزە ھەمدە ئۆزۈۋى ئېھتىياجلاردىكى الله تەئالا ياراتقان بەل-
گىلىك خۇسۇسىيەتلەر – «قەدەر» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى
يېگانە الله تەئالانىڭ ئۆزى ئەرسىلەرنى ۋە ئىنساننىڭ غەرىزە
ۋە ئۆزۈۋى ئېھتىياجلارنى يارىتىپ ئۇلاردا بەلگىلىك خۇسۇ-
سىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئەرسە-
لەرنىڭ ۋە ئىنساندىكى غەرىزە ۋە ئۆزۈۋى ئېھتىياجلارنىڭ
ئۆزىدىن بىۋاسىتە ۋۇجۇتقا كېلىپ قالغان ئەمەس، ئىنسان-
نىڭ بولسا ئۆزىدىكى غەرىزە ۋە ئۆزۈۋى ئېھتىياجلىرىنى
ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتە ھېچقانداق ئالاقىسى ۋە ئۇلارغا مۇناسى-
ۋىتى يوق. ئىنسان ئەرسىلەردىكى خۇسۇسىيەتلەرنى ياراتقان
يالغۇز اللەتەئالا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى زۆرۈر. ئەنە بۇ خۇ-
سۇسىيەتلەردە شۇنداق قابىلىيەت مەۋجۇتكى، ئىنسان ئۇنىڭ
ۋاسىتىسىدا الله تەئالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا مۇۋاپىق رەۋىشتە
بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرسا ياخشىلىق ياكى بىرەر ئىشنى
اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا زىت رەۋىشتە ئەمەلگە ئاشۇرسا-يامانلىق
بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدا ئىنسان ئەرسىلەرنى خاھى ئۆز خۇ-
سۇسىيەتلىرى بىلەن ئىستىمال قىلسۇن، خاھى ئۆزىدىكى
غەرىزە ۋە ئۆزۈۋى ئېھتىياجلارنى قاندۇرماقچى بولسۇن، گە-



گەر اللەنىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرىغا مۇۋاپىق بولسا ياخ-
شىلىق ۋە ئەگەر اللەنىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرىغا زىت بول-
سا يامانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ.
بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇكى ئىنساننىڭ ئۈستىدىن ھۆ-
كۈم يۈرگۈزىلىدىغان دائىرىدە سادىر بولىدىغان ئىشلار خاھى
ياخشىلىق خاھى يامانلىق بولسۇن، الله تەئالا تەرىپىدىن جا-
رى قىلىنغان. شۇنىڭدەك ئەرسىلەردىكى ۋە ئىنساننىڭ غەرىزە
ۋە ئۆزۈۋى ئېھتىياجلىرىدىكى مەۋجۇت خۇسۇسىيەتلەرمۇ خاھى
ياخشىلىققا، خاھى يامانلىققا سەۋەب بولسۇن الله تەئالا تەر-
ىپىدىن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن. شۇنىڭغا قارىغاندا ھەر بىر
مۇسۇلمان «قەزا» نىڭ ياخشىلىقىمۇ، يامانلىقىمۇ الله تەئالا-
دىن دەپ ئىشىنىشى لازىم، يەنى ئۆز دائىرىسىدىن تاشقىرى-
دىكى ئىشلار الله تەئالادىن دەپ ئېتىقاد قىلىشى زۆرۈر ۋە
«قەدەر» نىڭ ياخشىلىقىمۇ، يامانلىقىمۇ الله تەئالادىن دەپ
ئىشىنىشى لازىم، يەنى ئەرسىلەرنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت
بولغان خۇسۇسىيەتلەر خاھى ياخشىلىق، خاھى يامانلىققا
سەۋەب بولسۇن الله تەئالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن دەپ ئېتى-
قاد قىلىشى لازىم. بۇلاردا الله تەئالا تەرىپىدىن يارىتىلغان
ئىنساننىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. مەسىلەن، ئىنساننىڭ
ئەجىلى، رىزقى، ھەتتاكى ئۆزىمۇ الله تەئالا تەرىپىدىن
بەلگىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئەۋلى ۋە بەقا غەرىزىلىرىدە مەۋ-
جۇت بولغان جىنسى مايىللىق ۋە خۇسۇسى مۈلۈككە ئىگە
بولۇش مايىللىقى، ئۆزۈۋى ئېھتىياجلاردا مەۋجۇت بولغان
ئاچلىق ۋە تەشنالىق، بۇلارنىڭ ھەممىسى الله تەئالا تەرىپ-

دىن يارىتىلغان.

بۇ ئىنسان ئۆزىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دائىرىدە يۈز بېرىدىغان ھەمدە ھەممە نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدە كۆرۈلگەن ئىشلارغا نىسبەتەن كۆزىتىلگەن چۈشەنچىلەردۇر. ئىنسان ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دائىرىدە بولسۇن، خاھى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بولسۇن، خاھى باشقا قانۇنلار بولسۇن، ئىنسان ئۆزى تاللىغان تۇرمۇش ئاساسىدا، ئۆز خاھىش - ئىرادىسىگە ئىگە بولغان ھالدا ياشايدۇ. بۇ دائىرىدە ئىنسان تەرىپىدىن ياكى ئۇنىڭغا قارشى سادىر بولىدىغان ھەممە ئىشلار پەقەت ئۇنىڭ خاھىش ئىرادىسى بىلەنلا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، ئۇ خالىغىنىدەك ماڭىدۇ، يەيدۇ، ئىچىدۇ، خالىغان ۋاقتىدا سەپەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە شۇنىڭدەك خالىغان ۋاقتىدا بۇ ئىشلاردىن باش تارتىدۇ. ئۇ خالىغىنىدەك ئوتنىڭ ياردىمىدە كۆيدۈرىدۇ، پىچاق ياردىمىدە كېسىدۇ، خالىغىنىدەك ئىنسان نەزىرى تەلەپ قىلغان ئېھتىياجلىرىنى ۋە مۇلۇككە ئىگىلىك ئېھتىياجىنى ھەمدە ئۆزۋى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېجىرىدۇ. ياكى بۇ ئىشلاردىن ئىختىيارى ھالدا باش تارتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنسان بۇ دائىرىدە قىلغان ئىشلىرىدىن جاۋابكار دۇر.

ئاللاھ تائالا بەلگىلىك ئەندىزىلەردە يارىتىپ، ئاجرالماس قىلىپ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، غەرىزە ۋە ئۆزۋى ئېھتىياجلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئىنسان ئىشى ۋە ئەمەللىرىنىڭ قانداق نەتىجە بېرىشىدە ئاساسى گا-



سىل بولسىمۇ، بىراق ئەينەن شۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئۆزى ھېچقانداق ئەمەلنى سادىر قىلالمايدۇ، بەلكى بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ئىشقا سالغان چاغدا ئۇلار ۋاستىسىدا بىرەر ئىشنى ئىنسان بېجىرىدۇ. مەسىلەن، نەۋئى غەرىزىسىدە مەۋجۇت بولغان جىنسى مايىللىق خۇسۇسىيىتى ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە. ئۆزۋى ئېھتىياجىدا مەۋجۇت بولغان ئاچلىق خۇسۇسىيىتى ياخشىلىققىمۇ يامانلىققىمۇ سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ياخشىلىق ياكى يامانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان شەخس ئىنساندۇر، غەرىزىمۇ ئۆزۋى ئېھتىياجمۇ ئەمەس. بۇنى شۇنداق چۈشىنىش كېرەككى، ئاللاھ تائالا ئىنسان ئۈچۈن نەرسىلەرنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىۋالىدىغان ئەقىلنى ياراتقان. ئەقىلنىڭ يارىتىلىش تەبىئىتىدە ئىدراك ۋە ئاجرىتىۋېلىش خۇسۇسىيىتىنى ياراتقان، كېيىن ئىنسانغا ياخشىلىق ۋە يامانلىق يولىنى كۆرسەتكەن:

(وهديناه النجدين)

— «بىز ئىنسانغا ئىككى يولنى — ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ كۆرسەتتۇق» 90:10

ئاللاھ تائالا ئەقىلنىڭ تەبىئىتىدە فۇجۇر - بۇزۇقلۇقنى ۋە تەقۋا - پاكلىقنى ئىدراك قىلىش خۇسۇسىيىتىنى ياراتقان:

(فالهمها فجورها وتقواها)

— «ئاللاھ ئىنسانغا فۇجۇر - بۇزۇقلۇقنىمۇ تەقۋا - پاكلىقنىمۇ تونۇتۇپ قويغان» 91:8

دېمەك، ئىنسان غەرىزە ۋە ئۆزۋى ئېھتىياجلارنىڭ تە-
لەپلىرىنى اللەنىڭ بۇيرىغان ۋەتوسقانلىرىغا مۇۋاپىق ھالدا
قاندۇرسا، ياخشى ئىش قىلغان ۋە تەقۋا پاكلىق يولىغا ماڭ-
غان بولىدۇ. ئەكسىچە ئىنسان غەرىزە ۋە ئۆزۋى ئېھتىياجلە-
رىنىڭ تەلەپلىرىنى اللەنىڭ بۇيرۇغى ۋە توسقانلىرىدىن باش
تارتقان ھالداقاندۇرسا يامان ئىش قىلغان ۋە فۇجۇر - بۇزۇق-
لۇق يولىغا قەدەم قويغان بولىدۇ. بۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە
يامانلىق پەقەت ئىنسان تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا ۋە
ئىنساننىڭ ئۆزىگە قارشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا. دېمەك،
ئېھتىياجلەرنى اللە نىڭ بۇيرۇق ۋە توسۇقلىرىغا مۇۋاپىق
ھالدا قاندۇرۇپ ياخشىلىق قىلدۇۋاتقانمۇ، ئۇلاردىن بۇزئۇ-
رۇپ يامانلىق قىلىۋاتقانمۇ ئاشۇ ئىنساندۇر. شۇنىڭغا ئاسا-
سەن ئىنسان ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دائىرىدە سادىر
بولغان ئىشلارغا نىسبەتەن تەقدىرلىنىدۇ ياكى جازالىنىدۇ.
چۈنكى ئىنسان بۇ ئىشلارنى ھېچكىم مەجبۇر قىلمىغان ۋە
ئۆز ئىختىيارىگە ئىگە بولغان ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭ-
دىن تاشقىرى ئىنساندىكى غەرىزە ۋە ئۆزۋى ئېھتىياجلارنىڭ
خۇسۇسىيەتلىرى، ياخشىلىق ئۈچۈنمۇ يامانلىق ئۈچۈنمۇ جارى
قىلىنىشى مۇمكىن بولغان قابىلىيەتلىرى اللە تەئالا تەرىپى-
دىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. بىراق اللە تەئالا بۇ خۇسۇسىيەت-
لەرنى خاھى ئۇنى رازى قىلىدىغان مەيداندا، خاھى ئۇنى غە-
زەپلەندۈرىدىغان ساھەدە، يەنى خاھى ياخشىلىق، خاھى يامان-
لىقتا بولمىسۇن ئەمەلگەئاشۇرۇلىشى مەجبۇرى بولغان كۆ-
رۈنىشتە ياراتقان ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئوتىنكى كۆيدۈرۈش



خۇسۇسىيىتى خاھى اللەنى رازى قىلىدىغان، خاھى غەزەپلەن-
دۈرىدىغان، يەنى خاھى ياخشىلىق، خاھى يامانلىق ساھەسى-
دىكى كۆيدۈرۈش ئىشىدا بولمىسۇن، بۇ خۇسۇسىيىتى يەنى
كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى ئەلۋەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەج-
بۇرى بولغان ھالدا يارىتىلماي، بەلكى نەرسىلەردىكى خۇسۇ-
سىيەتلەرنى شۇنداق كەيپىيەتتە يارىتىلدىكى، ئەگەر بىرەر
ئىنسان ئاشۇ خۇسۇسىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولسا خال-
غاندەك ئەمەلگە ئاشۇرۇۋېرىدۇ. اللە تەئالا ئىنساننى، ئۇ-
نىڭدىكى غەرىزە، ئۆزۋى ئېھتىياجلار ۋە ياخشى يامانني ئاج-
رىتىپ بىلىدىغان ئەقلىنى ياراتقان ئىكەن، ئۇنىڭغا بىرەر ئىشنى
قىلىش ياكى قىلماسلىق ئىختىيارىنىمۇ بەردى. ئۇنى بىرەر
ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىققا مەجبۇر قىلمىدى. نەرسە-
لەر، غەرىزە ۋە ئۆزۋى ئېھتىياجلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىمۇ
ئىنساننى بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىققا مەجبۇر
قىلىدىغان ھېچقانداق خۇسۇسىيەتنى ياراتمىدى. شۇنىڭ ئۇ-
چۈنمۇ ئىنسان شەرىئەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئاساسى
شەرتى ھېساپلانغان، ياخشى ۋە يامانني ئاجرىتىۋالىدىغان،
اللە تەئالا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەقىل ياردىمىدە بىر ئىشنى
قىلىش ياكى قىلماسلىقتا تولۇق ئىختىيارغا ئىگە. شۇنىڭ
ئۈچۈن ياخشىلىق ئەمىلىگە قاراپ ئىنسانغا ساۋاپ بەلگىلىنى-
دۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەقلى اللەنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە توسۇق-
لىرى ئاساسىدا شۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تاللىدى.
يامانلىق ئەمىلى ئۈچۈن بولسا ئىنسانغا ئازاپ ۋە ئۇقۇبەت
بەلگىلەندى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەقلى اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قار-

سى ھەركەت قىلىشنى تاللىدى ۋە غەرىزىلەر، ئۆزۋى ئېھتىياجلارنىڭ يەلەپلىرىگە جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشى رەۋىشتا مەنئى قىلىنغان ئەمەلنى تاللىدى. ئىنسانىنىڭ بۇ ئىش ئۈچۈن جازالىنىشى ھەقىقەت ۋە ئادالەت دۇر. چۈنكى ئىنسان بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۆز ئىختىيارىغا ئىگە، مەجبۇر قىلىنغان ئەمەس، بۇ ئىشنىڭ بولسا «قەزا ۋە قەدەر»گە ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. مەسىلە باشقا جايدا، يەنى ئىنسان ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى ئۆز ئىختىيارىغا ئىگە بولغان ھالدا ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ قىلغان ئىشىغا جاۋاپكاردۇر:

(كل نفس بما كسبت رهينة)

— «ھەر بىر ئىنسان قىلغان ئىشىغا جاۋاكار دۇر» 74:38

ئەمما اللە تەئالانىڭ ئىلمىگە كەلسەك، ئۇ ئىنساننى بىرەر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر قىلمايدۇ. چۈنكى اللە ئىنسان بىرەر ئىشنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى بىلىدۇ. لېكىن ئىنسان «اللەنىڭ ئىلمى» ئاساسىدا بىجىرمەيدۇ. بەلكى اللە نىڭ ئەزەلى ئىلمىدە ئىنسان شۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مەلۇمدۇر. «لەۋھۇل - مەھپۇزدا يېزىپ قويۇلغان» . — دېگەن سۆز اللەنىڭ ئىلمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئەمما اللە تەئالانىڭ ئىرادىسىگە كەلسەك، ئۇمۇ، ئىنساننى بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەجبۇر قىلمايدۇ. اللە تەئالانىڭ ئىرادىسىنى شۇنداق چۈشىنىش كېرەككى،



ئۇنىڭ مۇلكىدە، يەنى ۋۇجۇددا پەقەت ئۇ خالىغان نەرسىلا سادىر بولىدۇ، يەنى ۋۇجۇددىكى بىرەر نەرسىنىڭ سادىر بولىشىدا اللە تەئالا ئىلاجىسىز مەجبۇر بولۇپ قالمايدۇ. ئەگەر ئىنسان بىرەر ئىشنى قىلسا ۋە اللە تەئالا ئىنساننى شۇ ئىشنى قىلىشتىن مەنئى قىلماي ياكى ئۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەجبۇر قىلماي، ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا تاشلاپ قويغان بولسا، ئىنساننىڭ بۇ قىلغان ئىشى اللە تەئالانىڭ ئىرادىسى بىلەن سادىر قىلىنغان بولىدۇ، يەنى بۇ ھالدا اللە تەئالا ئىلاجىسىز مەجبۇر بولۇپ قالمايدۇ. دېمەك، ئىنسان ئۆزى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىش پەقەت ئۇنىڭ ئىختىيارى بىلەن سادىر بولىدۇ. اللە تەئالانىڭ ئىرادىسى بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنساننى مەجبۇر قىلمايدۇ.

«قەزا ۋە قەدەر» مەسىلىسى مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت. قەزا ۋە قەدەر ھەققىدىكى چۈشەنچە ئىنساننى ياخشىلىق ئىشلىرىغا ئۈندەيدۇ، يامان ئەمەللەردىن قايتۇرىدۇ. چۈنكى ئىنسان قەزا ۋە قەدەر ھەققىدىكى مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولغاچقا اللە تەئالا ئۇنى دائىم نازارەت قىلىپ، قىلمىشىغا مۇناسىپ مۇھاسىبە قىلىشىنى ، ئۇنىڭغا بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىق ئىختىيارىنى بەرگەنلىكىنى، ئەگەر ئۆزىگە بېرىلگەن شۇ ئىختىياردىن ئاقىلانە پايدىلىنىۋالمىسا ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي بولۇپ، دۇنيا ھاياتىدىن كېيىنكى ئاخىرەت ھاياتىدا دەھشەتلىك ئازاپلارغا دۇچار بولىشىنى بىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «قەزا ۋە قەدەر» نىڭ ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلىۋالىدىغان، ئۇنىڭغا اللە تەئالاتەرىپىدىن بېرىل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گەن ئەقىل ۋە ئىختىيار بىمىتىنىڭ ھەقىقىتىنى ئاڭلىق ھالدا چۈشىنىدىغان، چىن كۆڭلىدىن ئېتىقادچى مۇئمىن دائىم اللە تەئالانىڭ ئازارشىغە ئىككىلىنىشنى جىددى مۇلاھىزە قىلىدۇ. اللە تەئالادىن قاتتىق قورقىدۇ، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، جەننەتتىن ئۈمىد قىلىپ ۋە ئۆزىگىمۇ بويۇنكراق نىيەتنى، يەنى اللە تەئالانىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىپ، ئىلاھى بۇيرۇقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە توسۇلغان ئەمەللەردىن ئۆزىنى ساقلاشقا ھەركەت قىلىدۇ.

ـلەدۇ.



# ئىسلام مەپكۇرىسى

پىكىر، تۆۋەنلىشىپ كەتكەنسېرى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ۋەتەن رابىتىسى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇندالىكى، ئادەملەر بىر جايدا ياشاپ ئۇ يەردە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ قالغاچ، ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تۇيغۇسى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشقا ۋە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلار ياشاپ تۇرغان شەھىرىنىمۇ، ئاياقلىرى ئاستىدىكى يەرنىمۇ ھىمايە قىلىشقا ئۈندەيدۇ. مانا شۇنىڭدىن ۋەتەنداشلىق رابىتىسى پەيدا بولىدۇ. بۇ ئەڭ كۈچسىز ۋە تۆۋەن ئالاقە دۇر. ۋەتەنداشلىق رابىتىسى ئىنساندا مەۋجۇت بولغانغا ئوخشاش ھايۋان ۋە قۇشلاردىمۇ مەۋجۇتتۇر. ئۇ دائىم ھېسسىيات كۆرۈنۈشىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋەتەنداشلىق رابىتىسى ۋەتەنگە ئەجنەبىلەر ھۇجۇم قىلىپ ياكى ئىستىلا قىلىپ، بېسىۋېلىش يولى بىلەن تاجاۋۇز قىلغان ھالەتتە زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ۋەتەن تاجاۋۇزدىن خالى بولۇپ تۇرغان تىنچ ھالەتتە بولسا ئۆز ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. ئەجنەبىلەر ۋەتەندىن ھەيدەپ چىقىرىلسا ياكى سىقىپ چىقىرىلسا ۋەتەنداشلىق رابىتىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ، تۆۋەن رابىتەدۇر.

پىكىر قىلىش دائىرىسى تارايغاندا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا

مىللەتچىلىك رابىتىسى پەيدا بولىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئائىلىۋى رابىتەنىڭ بىر كۆرۈنۈشى بولۇپ، لېكىن كەڭراق شەكىلدىكى ھالىتىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇنداقكى، ئىنساندا ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تۇيغۇسى يىلتىز تارتقان، بۇ تۇيغا سەۋەبىدىن ئۇنىڭدا باشلىق بولۇش ئىستىكى مەۋجۇتتۇر. بۇ چۈشەنچە پىكرى جەھەتتىن قالاق كىشىلەردە ئايرىم شەكىلدە نامايەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئۆسكەنسىرى باشلىق بولۇشقا مۇھەببىتى ئېشىشقا باشلايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ئائىلىسى ۋە ئۇرۇغ تۇققانلىرىنىڭمۇ باشلىق بولۇشنى خالايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانى كېڭىيىپ ئىدراك ئۆسكەنسىرى، ئاۋۋال ئۆز ۋەتىنىدە ئۆز مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى خالىسا، ئۇنىڭغا ئېرىشىپ بولغاچ ئەمدى ئۇلارنىڭ باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولۇشىنى خالاشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەھەتتىن بىر سۇلالە ئىچىدىكى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا رەھبەرلىك ئۈچۈن يەرلىك جېدەل ماجىرالار ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلايدۇ. بۇ سۇلالە ئىچىدىن بىر كىشى باشقىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ رەھبەرلىكنى ئۆز قولىغا ئالسا، ئەمدى ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئائىلە بىلەن باشقا ئائىلە ئوتتۇرىسىدا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن كۈرەش باشلىنىدۇ. بىر مىللەت ئۈستىدىن رەھبەرلىك قىلىش بىرەر ئائىلىنىڭ ياكى خىلمۇ-خىل ئائىلىلەردىن تەركىب تاپقان بىر گورۇھ كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتسە، ئەمدى بۇ مىللەت بىلەن باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھايات مەيدانىدا رەھبەرلىك قىلىش ۋە يۈكسەك مەنسەپلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن جېدەل ماجىرالار كېلىپ چى-



قىزىۋېرىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مىللەتچىلىك رابىتىسىگە ئېتىقاد قىلىنىدىغان شەخسلەردە تەرەپبازلىق، مەن-مەنلىك ۋە پەقەت بىر-بىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش ئېنىق كۆزگە چېلىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ غەيرى ئىنسانىي رابىتىدۇر. مىللەتچىلىك رابىتىسى ئەگەر تاشقى جېدەل ماجىرالار بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرمىسا سۆزسىز ئىچكى ئۆز ئارا جېدەل ماجىرالارغا سەۋەبچى بولىدۇ.

شۇنىڭغا قارىغاندا ۋەتەنداشلىق رابىتىسى ناتوغرا ئىكەنلىكىنىڭ ئۈچ سەۋەبى بار: بىرىنچى، ۋەتەنداشلىق رابىتىسى تۆۋەن رابىتە بولۇپ، ئويغىنىش يولىغا قەدەم قويغان چاغدا ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرۇشتا ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ رابىتە ھېسسىياتقا ئالاقىدار بولۇپ، ئۆز جېنىنى ھىمايە قىلىش يولىدا «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ھېسسىياتقا ئالاقىدار رابىتىنى دائىم ئۆزگەرتىپ، ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئىنسانلارنى دائىمى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرۇشقا يارىمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ۋەتەنداشلىق رابىتىسى مۇداپىئەلىنىش ھالىتىدىلا ۋۇجۇدقا كېلىدىغان مۇۋەققەت ئالاقە ۋاسىتىسى، ئەمما ئىنسانىنىڭ ھاياتىنىڭ ئەسلى ھالىتى بولغان تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ھالەتلىرىدە بولسا ئۇنىڭغا زۆرۈرىيەت يوق. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنداق رابىتە ئىنسان پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئارا باغلايدىغان رابىتە بولۇشقا يارىمايدۇ.

شۇنىڭدەك مىللەتچىلىك رابىتىسىمۇ ئۈچ سەۋەبتىن نا-

توغرادۇر. 1- دىن، بۇنداق رابىتە قەبىلىچىلىك رابىتىسىدۇر، بۇ بولسا ئىنسان پەرزەنتلىرى ئويغۇنۇش يولىغا قەدەم قويغان چاغدا ئۇلارنى ئۆز ئارا باغلاپ تۇرۇشقا يارىمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مىللەتچىلىك رابىتىسى «ياشاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش» تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھىسسى رابىتەدۇر. بۇنىڭدىن باشلىق بولۇشقا ئامراق بولۇش كېسەللى كېلىپ چىقىدۇ؛ ئۈچۈنچىدىن، مىللەتچىلىك غەيرى ئىنسانى رابىتەدۇر. چۈنكى ئۇ باشلىق بولۇشنى تالىشىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كېلىدىغان جېدەل ماجىرالارغا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنسان پەرزەنتلىرىنى بىر-بىرىگە باغلايدىغان ئالاقە ۋاستىسى بولۇشقا يارىمايدۇ.

شۇ جۈملىدىن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان رابىتە دەپ گۇمان قىلىنىدىغان رابىتەلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ بىرى مەنپەئەت ئاساسىدا قۇرۇلغان رابىتەدۇر، ئىككىنچىسى بولسا ئۆزىدىن تۈزۈم ئىشلەپ چىقىش مۇمكىن بولمايدىغان روھى رابىتە دۇر. مەنپەئەت ئاساسىغا قۇرۇلغان رابىتە ۋاقىتلىق رابىتە بولۇپ، ئىنسان پەرزەنتلىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان ۋاستە بولۇشقا يارىمايدۇ، چۈنكى مەنپەئەت شۇنداق نەرسىكى ئۇنىڭدىن پايدىلىقراق مەنپەئەتلىكراقى ۋۇجۇدقا كېلىپ قالسا، دەرھال سودىلىشىش، يەنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ-دە، نەتىجىدە كېيىن تېپىلغان مەنپەئەت مۇۋاپىق كېلىپ قالغۇدەك بولسا ئاۋۋالقىسى ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى كۆزلەنگەن مەنپەئەتلەر بىر - بىرگە



زىت بولۇپ قالسا رابىتە دەرھال توختايدۇ. شۇنىڭدەك مەنپەئەت ئاساسىغا قۇرۇلغان رابىتە ئادەملەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋاتىدۇ. چۈنكى كۆزلەنگەن مەنپەئەت ھاسىل بولغاندا ئالاقا ئۈزۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنداق رابىتە ئۇنىڭغائېتىقاد قىلغۇچىلار ئۈچۈن خەتەرلىك دۇر.

ئۆزتۈزۈمىگە ئىگە بولمىغان رۇھى رابىتە پەقەت دىندارلىق مۇھىتتىلا ئۆز تەسىرىگە ئىگە بولۇپ، ھايات مەيدانىدا بولسا ئۇنىڭ تەسىرى نامايەن بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنداق رابىتە ئەمەلىيەتتە كۈچلۈك ئۇ تەسىرىگە ئىگە بولمىغان، قىسمەن تەسىر قىلغۇچى ۋاستەدۇر. ئۇ ھايات ئىشلىرىدا ئادەملەر ئوتتۇرىسىنى باغلاپ تۇرۇشقا يارىمايدۇ. بۇنىڭدىن خۇلاسە قىلىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، نەسرانىلىق ئېتىقادى ياۋروپا خەلقلىرىنى بىر - بىرىگە باغلاشقا يارىمىدى، ھالبۇكى بۇ خەلقلەرنىڭ ھەممىسى نەسرانىلىق ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بۇ تەسىرسىزلىكنىڭ سەۋەبى شۇنداقكى نەسرانىلىق ئۆز تۈزۈمىگە ئىگە بولمىغان رۇھى رابىتە دۇر.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا مەزكۇر ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ بارچىسى ئويغۇنۇش يولىغا قەدەم قويۇلغاندا، ھايات مەيدانىدا ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرۇشقا يارىمايدۇ. ھايات مەيدانىدا ئىنسان پەرزەنتلىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرۇشقا يارامىلىق بولغان توغرا رابىتە - ئەقلى، ئۆز تۈزۈمىگە ئىگە بولغان ئەقىدە رابىتىسىدۇر. ئۇنى مەبدەئى دەپ ئاتاشمۇ مۇمكىن.

ئەگەر مۇئامىلىلەرنى قانداق ئىجرا قىلىشنىڭ، ئەقىدىنى قانداق مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ ۋە مەبدەئگە دەئۋەت قىلىش ئىشلىرىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىشنى بايان قىلىنمىسا ئۇنداق پىكرەت خىيالىي. پەرەزلەرگە ئاساسلانغان، كىتاپلارنىڭ ئىچىدە قېپقالىدىغان، دۇنيا ھاياتىدا ھېچقانداق تەسىرگە ئىگە بولمىغان قۇرۇق پەلسەپەدىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەبدەئ بولالىشى ئۈچۈن ئەقىدە زۆرۈر، مۇئەممالارنىڭ مۇئامىلىلىرى زۆرۈر ۋە تەرىقەتمۇ زۆرۈردۇر. بىراق ئۇ ئۆز ئىچىگە ئىگە بولغان ئەقىدە، پىكرەت ۋە تەرىقەت مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئۆزى مەبدەئنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ مەبدەئ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى بىلدۈرمەيدۇ. مەبدەئنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقى ئەقىدىسىنىڭ توغرا ياكى ناتوغرا ئىكەنلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ، چۈنكى خۇددى مانا شۇ ئەقىدە ھەر بىر پىكىرنى قۇرۇش مۇمكىن بولغان، ھەرقانداق نۇقتىئىنەزەرنى بەلگىلەيدىغان ھەممە بارچە مۇئامىلە ۋە تەرىقەت كېلىپ چىقىدىغان پىكرى ئۇلدۇر. دېمەك، ئەگەر بۇ پىكىرى ئۇل توغرا بولسا ئۇ ھالدا مەبدەئ توغرا، ئەگەر پىكرى ئۇل ناتوغرا بولسا مەبدەئمۇ تۈپتىن ناتوغرادۇر.

پىكرى ئۇل ئىنساننىڭ يارىتىلىش تەبىئىتى — فىترىتىگە ماس كەلسە ۋە ئەقىلغا ئاساسلانغان بولسا ئۇنداق پىكرى ئۇل توغرادۇر. ئەگەر ئۇ ئىنسان پىترەتىگە ماس كەلمىسە ياكى ئەقىلغا ئاساسلانغان بولمىسا ئۇنداق پىكرى ئۇل ناتوغرادۇر. پىكرى ئۇل ئىنسان فىترەتىگە ماس كەل-



سە، دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى فىترەتكە مۇۋاپىق بولغان پىكرى ئۇل ئىنساننىڭ فىترىتىدىكى ئاجىزلىقنى ۋە ئۇنىڭ ھاياتنى ئىنتىزامغا سېلىپ تۇرغۇچى ياراتقۇچىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. باشقا سۆز بىلەن ئېيتقاندا تەدەييۇن، يەنى دىن دارلىق غەرىزىسىغا ماس كېلىدۇ. پىكرى ئۇل ئەقىلگە ئاساسلانغانلىقىنىڭ مەنىسى بولسا ماددىغا ياكى ئوتتۇرچە يېشىم (ئۆز ئارا كېلىشىش) گە ئاساسلانغان بولماسلىقى دۇر.

ئەگەر بۈگۈنكى كۈندىكى دۇنيانى تەكشۈرۈپ كۆرسەك پەقەت ئۈچ مەبدەئ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز: كاپىتالىزم ـ سەرمايەدارلىق؛ سوتسىيالىزم، شۇ جۈملىدىن كوممۇنىزم؛ 3-مەبدەئ ئىسلام دۇر. بۇ مەبدەئلەرنىڭ 1-سى ۋە 2-سىنىڭ ھەربىرىنى بىر ياكى بىرنەچچە دۆلەتلەر ھاياتقا تەتبىق قىلماقتا. 3-مەبدەئ ئۆز دۆلىتىگە ئىگە ئەمەس، بىراق ئۇنى بارچە خەلقلەردىكى مۇئەييەن شەخسلەرلا ئۆز ھاياتىغا تەتبىق قىلماقتا. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەرشارىنىڭ بارچە مەملىكەتلىرىدە مەۋجۇت دۇر.

كاپىتالىزم «دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىش» ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ پىكىر ئۇنىڭ ئەقىدىسى، مەپكۇرىسى ۋە پىكرى ئۇلىدۇر. ئۇشبۇ پىكرى ئۇلغا ئاساسەن ئىنسان ھاياتتا تۈزۈمنى ئۆزى تۈزىشى ۋە ئىنسان ئەركىنلىكلىرى يەنى ئەقىدە ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى، مۈلك ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي ئەركىنلىكى مۇھاپىزەت قىلىنىشى كېرەك. مۈلك ئەركىنلىكىدىن كاپىتالىستىك ئىقتىساد تۈزۈمى كېلىپ چى-

قىدۇ. ئۇشبۇ تەبدەۋ نىڭ ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان
ۋە ئۇنىڭ كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدىغان تەبىئەتى مانا
شۇ سەرمايەدارلىق دۇر. «بىرەر نەرسىگە ئام قويۇشىما ئۇنىڭ
ئەڭ كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدىغان تەبىئىتى بىلەن ئات
قويۇش» قەبىلەسىدىن بۇ مەبدەئنى كاپىتالىزم، يەنى سەرما-
يەدارلىق دەپ ئاتالغان.

بۇ مەبدەئدىكى دېمۇكراتىيە «تۈزۈمنى ئىنساننىڭ ئۆزى
تۈزۈشى كېرەك»، دېگەن نۇقتىنى نەزەردىن كېلىپ چىقى-
دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلق ھاكىمىيەتنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇ
قانۇنلارنى ئۆزى تۈزىدۇ، ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن
ھۆكۈمەت رەھبىرىنى خەلق ئۆزى ئىشقا سالىدۇ. خالىغان
ۋاقىتتا ھاكىمىيەتنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالىدۇ. ھۆكۈمەت رەھ-
بىرىگە خەلق ئۆزى خالىغان تۈزۈمنى بەلگىلەپ بېرىدۇ،
چۈنكى ھاكىمىيەت خەلق بىلەن ھۆكۈمەت رەھبىرى ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئىجارە بىتىمى دۇر. بۇ يەردە شەرت شۇكى، خەلق
ھۆكۈمەت رەھبىرىگە ئۆزى خالىغان تۈزۈمنى بەلگۈلەپ بې-
رىدۇ ۋە بۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈمەت رەھبىرى ئاشۇ تۈزۈم
ياردىمىدە خەلقنى باشقۇرىدۇ.

دېمۇكراتىيە بۇ مەبدەئنىڭ تەركىبى قىسمى دەپ ھېساب-
لانسىمۇ ئۇنىڭدىكى ئىقتىسادى تۈزۈمگەقارىغاندا كېيىنكى
ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، غەرب
ئەملىكەتلىرىدە كاپىتالىستىك تۈزۈم ھۆكۈمەتكە كۈچلۈك
تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ھاكىمىيەتنى كاپىتالىستلارغا بويسۇن-
دۇرغان ھەتتا شۇ دەرىجىدە، كۈچلۈك تەسىرگە ئىگەكى،



كاپىتالىست مەبدىئىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئەملىكەتلەردىكى
ھەقىقى ھاكىملار كاپىتالىستلاردۇر دېيىش مۇمكىن. بۇنى-
ڭدىن ئاشقىرى دېمۇكراتىيە پەقەت شۇ مەبدەئنىڭ ئىگىلا
خاس بولماي، كوممۇنىستلارمۇ دېمۇكراتىيەنى دەۋا قىلىدۇ
ۋە ھاكىمىيەت خەلقنىڭ دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ مەبدەئنى
كاپىتالىزم دەپ ئاتاش ئەۋزەلراقدۇر.

بۇ مەبدەئنىڭ پەيدا بولىشىدىكى ئاساسى سەۋەب شۇنىڭ-
دىن ئىبارەتكى، ياۋرۇپا ۋە رۇسىيە دىكى ئىمپىراتۇر ۋە
پادىشاھلار خەلقلەرنى ئۆزىنىڭ پايدىلىرىغا ئىشلىتىش. ئۇ-
لارنىڭ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش ۋە قانلىرىنى شۇراش
ئۈچۈن دىننى قورال قىلىۋالغان، دىنى ئەرباپلارنى بولسا بۇ
مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاستە قىلىۋالغان ئىدى. بۇ-
نىڭدىن بولسا دەھشەتلىك تۇقۇنۇشلار ۋۇجۇتقا كېلىپ، بۇتۇ-
قۇنۇشلار جەريانىدا بىر گۇرۇھ پەيلاسوپلار ۋە مۇتەپەككۇرلار
يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىننى مۇتلەق ئىنكار
قىلىدىغان تائىپىلەرمۇ، دىننى ئېتىراپ قىلسىمۇ، لېكىن
ئۇنى ھاياتتىن ئايرىۋېتىشقا چاقىرىدىغان تائىپىلەرمۇ بار ئې-
دى. ئاخىرقى نەتىجىدە ئۇلا پەيلاسوپ ۋەمۇتەپەككۇرلار بىرلا
پە- مرگە كېلىپ توختىدىكى: «دىننى ھاياتدىن ئاجرىتىش
كېرەك» ئاخىرقى نەتىجىدە تەبىئىكى «دىننى دۆلەتدىن ئاج-
رىتىش كېرەك» دېگەن پىكىر ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇنىڭدىن
كېيىن ئىنكار قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئېتىراپ قىلىش كې-
رەكمۇ دېگەن مەنادا دىن ھەققىدە بەھسى يۈرگۈزۈش كېرەك
ئەمەس دېگەن پىكىرقارار تاپتى. دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىش

كىرەك دېگەن قەتئىي قارار بىلەن بەھسىگە چەك قويۇلدى. بۇ پىكرەت دىن ناملىق بارچىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشنى خالايدىغان دىنىي ئەربابلار بىلەن دىنىمۇ، دىنىي ئەربابلار ھاكىمىيىتىنىمۇ ئىنكار قىلىدىغان پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇرىچە پىشىم دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ پىكرەت دىنىي ئىنكار قىلىدى، دىنىي ھاياتقا ئالاقىسى يوق دەپ، ئۇنى ھاياتدىن ئاجرىتىپ قويىدۇ. بارچە غەرب مەملىكەتلىرى قوبۇل قىلغان ئەقىدە مانا شۇ — «دىنىي ھاياتدىن ئاجرىتىش» ئەقىدىسىدۇر. بۇ ئەقىدە بارچە پىكىرلەر ئۈچۈن ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى بېجىرىدىغان پىكرى ئۆلدۇر، ئۇنىڭ ئاساسىدا پىكرى يۆنىلىشى ۋە ھاياتتىكى نۇقتىسى نەزىرى بەلگىلىنىدۇ، ھەممە بارچە ھاياتى مۇئەممالار مۇئالىجە قىلىنىدۇ. بۇ ئەقىدەنى غەرب مەپكۇرە سوۋېتىدە پۈتۈن ئالەمگە تارقاتماقتا ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن ئالەمنى دەۋەت قىلماقتا.

«دىنىي ھاياتتىن ئاجرىتىش» ئەقىدىسى، دىن ناملىق نەرسىنىڭ مەۋجۇتلىغىنى زىمنەن ئېتىراپ قىلىشتۇر، يەنى كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتنىڭ ياراتقۇچىسى بارلىغىنى ۋەقايتاتىرىلىش كۈنىنىڭ بارلىغىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. چۈنكى بۇئىككى چۈشەنچە ماھىيەت جەھەتتىن دىنىنىڭ ئەسلى مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئېتىراپ كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدە، ھاياتتىن ئىلگىرىكى «ۋۇجۇد» ۋە ھاياتتىن كېيىنكى «ھايات» ھەققىدە پىكىر بېرىشتۇر. چۈنكى بۇ ئەقىدە دىنىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى «دىنىي



ھاياتتىن ئاجرىتىش» پىكرىنى بېرىدىكەن، زىمنەن ئۇنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ-دە، نەتىجىدە دىنىنىڭ مەۋجۇتلىغىنى ئېتىراپ قىلىپ قويغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدىن دىنىنى ھاياتدىن ئاجرىتىش كېرەك دېگەن چاغدا، بۇ ھاياتنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى «ۋۇجۇد»قا ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى «ھايات»قا ئالاقىسى يوق ھەمدە «دىن پەقەت شەخس بىلەن ياراتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدۇر» — دېگەن پىكىرنى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ «دىنىي ھاياتدىن ئاجرىتىش» ئەقىدىسى كەڭ مەنادا كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدىكى ئومۇمى پىكىردۇر. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇكى كاپىتالىزم مەبدىئى يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك باشقا مەبدەئلەرگە ئوخشاش ئالاھىدە بىر مەبدەئدۇر.

سوتسىيالىزم، شۇ جۈملىدىن كوممۇنىزمنىڭ پىكرىگە قارىغاندا كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات پەقەت ماددىدىن ئىبارەت. ماددا بولسا بارچە نەرسىلەرنىڭ ئەسلى - ئاساسىدۇر. ئۇنىڭ باسقۇچمۇ-باسقۇچ راۋاجلىنىشى ئاستىدا بارچە نەرسىلەر ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ ماددىدىن باشقا مۇتلەق ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ماددىنىڭ ئاۋۋالىمۇ ئاخىرىمۇ يوق. ئۇنى ھېچكىم ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئەمەس، يەنى ئۇ، بار بولۇشى زۆرۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ يەنى نەرسىلەردىكى روھى جەھەتنى ئىنكار قىلىدۇ. ۋە بۇنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى ھايات، ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ ھېساپلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىننى خەلقلەرنى گېرىيخ مەس قىلىدىغان ۋە

هەركەتتىن تۇسىدىغان ئەپيۇن دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇلارنىڭ
نەزىرىدە ماددىدىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ھەتتا
پىكىرمۇ ماددىنىڭ مېڭىدە ئەكىسلىنىشىدۇر. شۇنىڭ ئۇ-
چۇن ماددا پىكىرنىڭمۇ ۋە ھەرقانداق نەرسىنىڭمۇ ئەسلى
ئاساسىدۇر، ئۇنىڭ باسقۇچمۇ - باسقۇچ راۋاجلىنىشىدىن
بارچە نەرسىلەر ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار يارات-
قۇچىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ماددىنى ئەزەلى دەپ
ھېساپلايدۇ. ھاياتتىن ئاۋۋالقى «ۋۇجۇد» ۋە ھاياتتىن كې-
يىنكى «ھايات»نىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار پەقەت بۇ دۇنيا
ھاياتىنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ.

بۇئىككى مەبدەئنىڭ ئىنسان، كائىنات ۋە ھاياتقا نىسبە-
تەن ئاساسى نۇقتىنى نەزەردە قارمۇ-قارشىلىق بولغان بولسى-
مۇ ئۇلار ئىنسان نىڭ ئەڭ ئالى ئارزۇسى ھەققىدە بىر خىل
پىكىردە دۇر. بۇ ئىككى مەبدەئنىڭ پىكرىچە قارىغاندائىن-
ساننىڭ ئالى ئارزۇلىرى ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدى-
غان ئالى مەنىۋى قىممەتلەردۇر. بەخىت بولسا جىسمانى
لەززەتلەرنى مۇمكىن قەدەر كۆپراق قىسمىنى قولغا كىرگۈ-
زۈشدۇر. چۈنكى شۇ نەرسە ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بەختكە ئې-
رىشتۈرگۈچى ۋاستە، بەلكى ئەينى بەختنىڭ ئۆزىدۇر.
ئۇلار ئىنسانغا شەخسى ئەركىنلىك نىڭ بىرىلىشى ھەققىدىمۇ
بىر خىل پىكىردە دۇر: «ئىنسان شەخسى ئەركىنلىكنى خالى-
غانچە تەسەررۇپ قىلسۇن، خالىغان ساھەگە سىرپ ئەت-
سۇن، بۇ تەسەررۇپدا ئۆز بەختىنى كۆرۈۋالسىلا ئۇنىڭ ئىخ-
تىيارى ئۆز قولىدا». شۇنىڭ ئۇچۇن شەخسنىڭ ھايات



بولى ياكى شەخسى ئەركىنلىكى بۇ ئىككى مەبدەئ نىڭ ئەڭ
مۇقەددەس چۈشەنچىلىرىدىن بىرى دۇر.

بۇئىككى مەبدەۋ شەخس ۋە جەمئىيەتكە ئىشىنىش نۇق-
تىسى نەزەردە بىر- بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. كاپىتالىزم
بارچە دىققەت ئېتىبارنى شەخسكە قارىتىدىغان مەبدەئ دۇر.
ئۇ جەمئىيەت شەخسلەردىن تەركىپ تاپىدۇ دەپ ھېساپلاپ،
جەمئىيەتكە بولسا ئىككىنچى دەرىجىلىك نەرسە دەپ قاراپ،
پۈتۈن ئېتىبارنى شەخسكە چېگرىلاپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۇ-
چۇنمۇ شەخسنىڭ بارچە ھوقوقلىرى. ئەركىنلىكى كاپالەتكە
ئىگە قىلىنىشى لازىم. شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە
ئىگە قىلىش ئۇچۇن ھەركەت قىلىدىكەن ھەربىر شەخس
بىرۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە جەمئىيەت پايدىسىغا ئىشلەۋاتقان بولى-
دۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەقىدە ئەركىنلىكى كاپىتالىزمنىڭ
مۇقەددەس چۈشەنچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. ئىقتىسا-
دى ئەركىنلىكىمۇ مۇقەددەس بولۇپ كاپىتالىزم پەلسەپىسىگە
ئاساسەن ئۇ چېگرىلانمايدۇ. پەقەت ئەركىنلىكلەر كاپالەتكە
ئىگە قىلىنىشى ئۇچۇن ئىقتىسادى ئەركىنلىك دۆلەت تەرىپى-
دىن چېگرىلاپ قويۇلىدۇ. دۆلەت ئۆزىنىڭ بۇ مەسئۇلىيىتى-
نى ئىجرا قىلىش ئۇچۇن ئارمىيە كۈچى ۋە قانۇننىڭ قاتتىق
قوللىنىشىدىن پايدىلىنىدۇ. بىراق دۆلەت غايە ئەمەس، بەلكى،
ۋاستە ۋەزىپىسىنى بېجىرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن خوجايىنلىق
ئاخىرقى نەتىجىدە دۆلەتكە ئەمەس، شەخسكە تەگىشلىك بو-
لۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ كاپىتالىزم مەبدىئى دىننى
ھاياتتىن ئاجرىتىشتىن ئىبارەت لائىكچىلىكنى يايىدۇ. بۇ مەبكۇ-

رە ئاساسىغا قۇرۇلغان قانۇنلار ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى باشـ
قۇرىدۇ. بارچىسى بۇ مەپكۇرىگە دەۋەت قىلىدۇ ۋە ھەممە
جايدا ئۇنى ئەمەلىي قىلىشقا ئىنتىلىدۇ.

سوتسىيالىزم شۇجۈملىدىن كوممۇنىزم پىكرىگە قارـ
ىغاندا جەمئىيەت ئىنسانلار ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان
ئالاقىلىرىدىن تەركىپ تاپقان بىرپۈتۈن مەجمۇئەدۇر. بۇ
ئالاقىلار مەجبۇرى ۋە چەكلىك بولۇپ، ئىنسانلار مەجبۇرى
ۋە ئاپتوماتىك شەكىلدە بۇ قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنىدۇ. بۇ
مەجمۇئەنىڭ ھەممىسى بىرپۈتۈن نەرسىدۇر: تەبىئەت، ئىنـ
سان ۋە ئالاقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرپۈتۈن نەرسە بوـ
لۇپ، بىرى يەنەبىرىدىن ئاجراپ كېتىدىغان قىسىملار ئەـ
مەس، مەسىلەن، تەبىئەت ئىنسان شەخسىيىتىنىڭ بىربۆلەـ
كى ھېساپلىنىدۇ. ئىنسان بۇ بۆلەكنى ئۆزجىسمىدا كۆتەـ
رىپ يۈرىدۇ. ئىنسان ئۆز شەخسىيىتىنىڭ بىر كۆرۈنىشى
بولغان ئاشۇ تەبىئەتكە ئالاقىدار ھالەتتىلا راۋاجلىنىشى مۇمـ
كىن، چۈنكى ئىنساننىڭ تەبىئەتكە ئالاقىدارلىقى نەرسىنىڭ
ئۆزىگە ئالاقىدارلىقىغا ئوخشاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىـ
يەت بىرپۈتۈن مەجمۇئە دەپ ھېساپلىنىدۇ-دە، بىر مىقداردا
راۋاجلىنىدۇ. شەخس بولسا ئۇنىڭغا بويسۇنغان ھالدا
چىشلىق چاقنىڭ چىشلىرىغا ئوخشاش مەجبۇرى ھالدا ئايلىـ
نىۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستلاردا شەخس ئۈـ
چۈن ئەقىدە ئەركىنلىكىمۇ ئىقتىسادى ئەركىنلىكىمۇ يوق،
ئەقىدە دۆلەتنىڭ خاھىشى بىلەن چەكلىنىدۇ، ئىقتىسادمۇ
دۆلەت ئىختىيارى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇـ



لەت بۇ ئەقىدەئ نىڭ مۇقەددەس چۈشەنچىلىرىدىن بىرىدۇر.
بۇ ماددى ئەلەمەيىدىن ھايات قانۇنلىرى كېلىپ چىقىدۇ.
ئىقتىسادى نىزام بولسا بۇمەبدەئنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى
ھېساپلىنىدۇ. قانۇنلارنىڭ بارچە ساھەلىرىدا كۆزگە روشەن
تاشلىنىدىغان مەنزىرە ئىقتىسادى نىزامدۇر.

شۇسەۋەبىدىن سوتسىيالىزم، شۇجۈملىدىن كوممۇنىزم
مەبدەئى ماددىلىق ۋە ماددى راۋاجلىنىشتىن ئىبارەت مەپكۇـ
رىنى ياپىدۇ. بۇ مەپكۇرە ئاساسىدىكى تۈزۈم ياردىمىدە ھاكىـ
مىيەتنى باشقۇرىدۇ. بۇ مەپكۇرىگە ھەممەكىشىنى دەۋەت
قىلىدۇ ۋە ھەممە جايدائۇنى تەتبىق قىلىشقا ئىنتىلىدۇ.

ئىسلام بولسا كائىنات، ھايات ۋە ئىنساندىن تاشقىرىدا
ئۇلارنىڭ بارچىسىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله تەئالا مەۋـ
جۇتلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلامنىڭ ئاساـ
سى الله تەئالانىڭ بارلىقىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ
ئەقىدە روھى جەھەتنى بەلگىلەيدۇ. روھى جەھەت بولسا
ئىنسان، ھايات ۋە كائىنات نىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ياراتقان
مەخلۇقلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدۇر. ئۇنىڭدىن خۇلاسە
قىلىنىدىغان بولسا، كائىنات مەخلۇق سۈپىتىدە اللەتەئالاغا
باغلىنىشى كائىناتنىڭ روھى جەھىتىدۇر. ياراتقۇچى الله
تەئالا بىلەن ئۇنىڭ تەرىپىدىن يارىتىلغان ھاياتنىڭ باغلىنىـ
شى ھاياتنىكى روھى جەھەت بولىدۇ. الله تەئالا تەرىپىدىن
يارىتىلغان ئىنساننىڭ ئۆزياراتقۇچىسىغا باغلىقلىقى ئىنساـ
نىڭ روھى جەھەتى دۇر. روھنىڭ مەناسى -ئىنسان ئۆزىـ
نىڭ الله تەئالاغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشىدۇر.

اللەتەئالاغا ئىشىنىشتىن كېيىن بۇزسىز مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەر ۋە رەسۇل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش قۇرئان اللە تەئالانىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، بۇ ئىشىنىشلار نەتىجىسىدە قۇرئاندىكى بارچە مەلۇماتلارغا ئىشىنىش ۋۇجۇتقا كېلىشى زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئەقىدىسى ھايات باشلىنىشىدىن ئىلگىرى ئىشىنىش زۆرۈر بولغان ۋۇجۇدنىڭ يەنى اللە تەئالانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ؛ ھايات تۈگىگەندىن كېيىن قىيامەت كۈنىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئىنسان دۇنيا ھاياتىدا اللەنىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرى بىلەن چېگرىلىنىشى ۋە بۇ چېگرىلىنىش ھاياتنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ۋۇجۇدقا ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئىنساننىڭ مەزكۇر بۇيرۇقلارغا ئىتائەت قىلغىنى ۋە اللەنىڭ توسقانلىرى سەۋەبىدىن ئۆزىنى كونتۇرول قىلالىغانلىقى ھەققىدە ھېساب بېرىشكە مەجبۇر ئىكەنلىكى، يەنى ھاياتنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ھايات بىلەن ئالاقدارلىقىغا ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلمان ھەرقانداق ئىشلارنى قىلغان چېغىدا ئۆزىنىڭ اللە تەئالاغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىپ، بارلىق ئەمەللەرنى ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە توسۇقلىرى ئاساسىدايۈرگۈزۈشى شەرت. بۇ بولسا ماددىنىڭ روھ بىلەن ئارىلىشىشىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمەللەرنى اللە تەئالانىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە توسۇقلىرى ئاساسىدا يۈرگۈزۈلۈشتىن كۆزلەنگەن غايە اللە تەئالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتۇر. ئەمەللەرنى بېجىرىشتىن مەخسەت بولسا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۇل-



www.uyghurkitap.com

گەن قىممەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جەمئىيەتنى ساقلايدىغان ئالىي غايىلار ئىنسان تەرىپىدىن تۈزۈلمەيدۇ، بەلكى اللەنىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرىدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئىلاھى بۇيرۇق توسۇقلار مۇقىم بولۇپ، ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ ۋە راۋاجلانمايدۇ. ئىنسان نەۋئىنى ساقلاپ قېلىش، ئەقىل-ئىدراكنى، ئىنسانى شەرەپنى، ئىنساننىڭ ئۆزلۈكىنى، خۇسۇسى مۈلكىنى، دىنىنى، خەۋپسىزلىكىنى، شۇجۇملىدىن دۆلەتنى مۇھاپىزەت قىلىش جەمئىيەتنى قوغدايدىغان مۇقىم ئالىي غايىلار دۇر. بۇلار ئۆزگەرمەيدۇ ۋە راۋاجلانمايدۇ. مەزكۇر مۇقىم ئالىي غايىلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن قاتتىق جازا ۋە ئۇقۇبەت چارىلىرى بەلگىلەنگەن. دېمەك، شەرىئەتتىكى جازا چارىلىرى ئاشۇ مۇقىم غايىلارنى قەدىرسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن غايىلارنى قەدىرسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاش ۋاجىپ دەپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇغايىلارغا بېرىلىۋاتقان بۇ قەدەر ئەھمىيەت ئۇلار ماددى مەنپەئەت كەلتۈرگىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى اللەنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە توسۇقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنداق قىلىپ بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەربىر مۇسۇلمان شەخس ۋە دۆلەت بارچە ئەمەللەرنى اللە تەئالانىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرىغا مۇۋاپىق ھالدا بېجىرىدۇ، چۈنكى يالغۇز اللە تەئالانىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرىلا ئىنساننىڭ بارچە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ. بارلىق ئىشلارنى اللە تەئالانىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرى ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇ-

رۇش بىلەن ئىسلام كىشىسىنىڭ قەلبىدە خاتىرجەملىك ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇكى، ...ھەت نەفسەنى-جەسەدنى قاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تۇرلۇك خۇشاللىق ۋە لەززەتلەرنى بېرىشتىن ئىبارەت ئەمەس، بەلكى بەخت دېگەن اللە تەئالانى رازى قىلىشتۇر.

ئۇزۇۋى ئېھتىياجلار ۋە غەرىزەلەرنى بولسا ئىسلام شۇنداق تەرتىپ ئىنتىزامغا سالغان ئىدىكى، بۇ بىلەن ئاشقازان، جىنسىي مۇناسىۋەتلىرى، روھى ۋە باشقا تەلەپلەردىن ئىبارەت بولغان بارچە ئېھتىياجلارنىڭ بىر مىقداردا قاندۇرۇلۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. بىراق بۇ مۇرەككەپ جەرياننى بىرنىڭ ھېسابىغا ئىككىنچى بىرىنى قاندۇرۇش، بىرىنى توختۇتۇپ قويۇپ ئىككىنچىسىنى بوش قويۇۋېتىش ياكى ھەممىسىنى مۇتلەق نازارەتسىز بوشىتىۋېتىش يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماي ئىسلام بۇلارنىڭ بارچىسىنى نازۇك رەت بىلەن بىر تىزىقتا تىزىپ، ناھايىتى ئۇيغۇن ئىنتىزامدا ئېھتىياجلارنى قاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئىنسانغا خاتىرجەملىك ۋە پاراۋانلىقنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى غەرىزىلەرنىڭ ب[illegible]لىقى تۇپەيلىدىن ھايۋانلار دەرىجىسىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالدى.

بۇ تەرتىپ ئىنتىزامنى مۇستەھكەملەش مەخسىتىدە، ئىسلام ئىنسانلار جامائەسىگە ئاجرالماس قىسىملارغا ئىگە بولغان بىرپۈتۈن يىگانە تەن، دېگەن نۇقتىنى نەزەردە ئىتىبار قىلىدۇ. شەخسىگە بولسا شۇ جامائەنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى سۈپىتىدە قارايدۇ. لېكىن شەخس جامائەنىڭ ئايرىلماس



قىسمى، دېگەن سۆز چاق ياكى سىلۇرنىڭ چىشلىرىغا ئوخشاش سىنىك، مەجبۇرى چاپلىشىپ تۇرىدىغان قىسىم مەنىسىنى ئۇقتۇرمايدۇ. بەلكى قول تەننىڭ بىر بۆلىكى بولغاننى ئوخشاش شەخسمۇ بىر پۈتۈن ۋۇجۇتنىڭ مۇئەييەن بىر قىسمى دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام شەخسكە جامائەتتىن ئايرىلىدىغان مۇستەقىل ئەمەس، بەلكى جامائەنىڭ بىر بۆلىكى سۈپىتىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەربىر شەخسكە قارىتىلغان بۇنداق ئىتىبار جامائەنى بىر پۈتۈن ساقلاپ قېلىشقا خىزمەت قىلىدۇ. بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىسلام جامائە گىمۇ جىددى ئىتىبار بېرىدۇ. لېكىن جامائەنى ھېچقانداق بۆلەكلەرگە ئىگە بولمىغان بىرپۈتۈن گەۋدە دەپ ئەمەس، بەلكى شەخسلەردىن ئىبارەت بولغان قىسىملاردىن تەركىپ تاپقان ۋۇجۇت دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ بولسا بىر پۈتۈن ۋۇجۇتنىڭ قىسىملىرى سۈپىتىدە ھەربىر شەخسنى ساقلاپ قېلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. رەسۇلۇللا (س ئە ۋ) ئېيتقان ئىدى: «اللەنىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىدىغان ئىنسان بىلەن ئۇلارغا ئەمەل قىلمايدىغان كىشى كېمىدە ھەمراھ بولغان بىر گورۇھ ئادەملەرگە ئوخشايدۇ، بەزىلىرى كېمىنىڭ يۇقۇرى قىسمىدىن، بەزىلىرى بولسا تۆۋەن قىسمىدىن ئورۇن ئالدى. كېمىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىن ئورۇن ئالغانلار سۇ ئىچمەكچى بولسا يۇقىرىدىكىلەرنى بېسىپ ئۆتەتتى. شۇندىلا ئۇلار يۇقىرىدىكىلارنى بىزار قىلماي شۇ يەردىن تېشىپ ئالساقچۇ دەپ قالدى... كېمىدىكى بارچە ھەمراھلار ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويسا، بارچىسى ھالاك بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى قولىدىن

تۇنۇپ توختۇتۇپ قويۇلسا، ئۇزلىرىمۇ كېيىندىكىلەرمۇ نىجات تاپىدۇ».

جامائە ۋە شەخسكە ئوخشاش قاراش «جەمئىيەت» ئۈچۈن ئۇزىگە خاس چۈشەنچە بېرىدۇ. چۈنكى جامائەنىڭ ئايرىلماس قىسىملىرى بولغان ھېلىقى شەخسلەردە ئۇلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان، ھاياتى ئۈچۈن ئاساس بولالايدىغان پىكىرلەر بولۇشى زۆرۈر. ئۇلاردا ئۇلار ئۇزلىرى تەسىرلىنىدىغان ئالدىنقى ئىنتىلىشلارغا سەۋەبچى بولىدىغان بىرخىل تۇيغىلار مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈر. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھاياتىنكى مۇئەممالىرىنىڭ بارچىسىنى ھەل قىلىدىغان بىرخىل تۈزۈم، يەنى قانۇنلار بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدىن خۇلاسە قىلىش مۇمكىنكى جەمئىيەت ئىنسانلار، پىكىرلار، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئىنسان بولسا ھاياتتا شۇ پىكىرلار، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلار بىلەن چېگرىلانغان دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ھاياتىدا ھەربىر نەرسىدە ئىسلام بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا مۇتلەق ئەركىنلىك يوق. شۇنىڭغا ئاساسەن مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسى ئىسلام بىلەن چېگرىلانغان بولۇپ، ئۇ، ئەقىدە ئەركىنلىكىگە ئىگە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دىنىدىن چىقىشى- ئەگەر تەۋبە قىلىپ دىنغا قايتمىسا- ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغان قاتتىق جىنايەت ھېساپلىنىدۇ. شەخسى ئىشلىرىمۇ ئىسلام قانۇنلىرى بىلەن چېگرىلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ زىنا ھەممەكىشىنىڭ كۆز ئالدىدا شەپقەتسىز جازالىنىدىغان جىنايەت ھېساپلىنىدۇ.



ولیشهد عذابهماطائفة من المؤمنین

-«زىنا قىلغانلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ جازالىنىۋاتقانلىقىنى بىرگۇرۇھ مۇئمىنلار كۆرۈپ تۇرسۇن» (24 : 2)

ھەراق ئىچىشمۇ جازا ئۇقۇبەتكە سەۋەب بولىدىغان جىنايەت ھېساپلىنىدۇ. ئۇزگىلەرگە تاجاۋۇز قىلىش، زورلاۋاتلىق قىلىشمۇ جىنايەتدۇر. بۇ تاجاۋۇز تۇرلىرىگە قارىغاندا- تۆھمەت قىلىش، قاتىللىق ۋە ھاكەزالار. ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئۇقۇباتلارمۇ ھەرخىل بولىدۇ. ئىقتىساد ساھەسىمۇ شەرىئەت بىلەن چېگرىلانغان ۋە شەرىئەت مال مۈلۈك كۆپەيتىش ئۈچۈن شەخسكە رۇخسەت بەرگەن سەۋەبلەر بىلەن ھەمدە خۇسۇسى مۈلكىنىڭ ھوقۇقىلىكى بىلەن چېگرىلانغان. خۇسۇسى مۈلۈك - ئەينى مەۋجۇت نەرسىلەردىن پايدىلىنىشقا شارىئ (يەنى شەرىئەت ئىگىسى الله) تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن رۇخسەت دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ چېگرالاردىن چىقىش تۈرلىرىگە- ئوغرىلىق، باسقۇنچىلىق ۋە باشقىلارغا- قاراپ، بۇ جىنايەتلەرگە بېرىلىدىغان جازا ۋە ئۇقۇبەتلەرمۇ ھەرخىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جامائە ۋە شەخسنى مۇھاپىزەت قىلىپ، جەمئىيەتكە تۈزۈمنى تەتبىق قىلىدىغان دۆلەت بولۇشى زۆرۈر. مەبدەئنى قوبۇل قىلغان ئادەملەردە ئەنە شۇ مەبدەئنىڭ تەسىرى بولۇشى لازىم. شۇنداقلا ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنىۋاتقان قانۇنلارغا رىئايە قىلىش شەخسلەرنىڭ ئۇزىدىن تەبىئى كېلىپ چىقىدۇ. شۇ ھالەتتە مەبدەئنىڭ ئۆزى شەخسلەرنى قانۇنلار دائىرىسىدە تۇتۇپ تۇرالايدۇ. ۋە ئۇلارنى ھەرخىل جىنايەتلەردىن ساقلاپ تۇرالايدۇ. دۆلەت

بولسا پەقەت قانۇنلارنى ئىجرا قىلغۇچى ئاپپاراتقا ئايلىنىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ گەرچە ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئۇممەتنىڭ ھوقۇ-
قى ئۇنىڭ نامايەن بولىشى دۆلەتتە كۆرۈنسىمۇ. خوجايىنلىق
پەقەت شەرىئەتنىڭدۇر. دۆلەتنىڭمۇ ۋە ئۇممەتنىڭمۇ ھوقۇقى
ئەمەس. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇكى، تۈزۈمنى ئىجرا قى-
لىشنىڭ يولى دۆلەتتۇر. لېكىن ئاساسى تايانچ ئىسلام قانۇن-
لىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىۋاتقان ئىمانى بار كىشىنىڭ اللەدىن
قورقۇش، ئۇنىڭ تەقۋالىقىغا قارىتىلىدۇ. شۇنىڭغا بىنائەن،
دۆلەت ئىجرا قىلىدىغان شەرىئەت قانۇنلىرىنى ئىشلەپ چى-
قىش زۆرۈر، ھەمدە اللەدىن قورقۇش - تەقۋا دەلىلىگە قاراپ
ئىسلامنى مۇكەممەل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مۇئمىن شەخس-
نى يۈزلەندۈرۈپ تۇرغۇچى كۆرسەتمە بولىشى زۆرۈر. شۇ-
نىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئىسلام ئەقىدە ۋە ھايات قانۇنلىرى-
دىن ئىبارەتتۇر. ئىسلام مەبدەئى بولسا پىكرەت ۋە ئەنە
شۇ پىكرەتتىن كېلىپ چىقىدىغان تەرىقەتتىن ئىبارەت. ئۇ-
نىڭ ھاياتنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى قانۇنى ئۆز ئەقىدىسىدىن
چىقىدۇ. ئىسلامنىڭ ھازارىتى-دۇنيا قارىشى ھاياتدا مۇئەي-
يەن تۇرمۇش شەكلى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. دەئۋەتنى يې-
يىش توغرىسىدا ئىسلامنىڭ ئۆزىگە خاس يولى: ئۇ دۆلەت
تەرىپىدىن تەتبىق قىلىنىدۇ، پۈتۈن ئالەمگە مەپكۇرە سۈپى-
تىدە ئېلىپ چىقىلىدۇ. بۇ بولسا ئىسلام تۈزۈمىنى چۈشە-
نىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش يولىدا ئاساسى ۋەزىپىسىنى
بېجىرىدۇ. ئىسلام تۈزۈمىنى ھۆكۈمەت دەرىجىسىدە تەتبىق
قىلىنىۋاتقان جامائەتتە ئىسلامنىڭ بارچە قانۇنلارغا ئەمەل



قىلىنىشى ئىسلام دەئۋەتنى يېيىش ھېساپلىنىدۇ. ئىسلام
تۈزۈمىنى مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەرگە تەتبىق قىلىنىشى
دەئۋەتنىڭ ئەمەلى تەرىقىتى دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. كەڭ
قۇلاچ يايغان ئىسلام ئالەمىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە مەزكۇر
تەتبىقتىنىڭ ناھايىتى تەسىرى بولغان.

خۇلاسە شۇكى، پۈتۈن دۇنيادىكى مەۋجۇت مەبدەئ ئۈچ-
دۇر: كاپىتالىزم، سوتسىيالىزم (شۇجۈملىدىن كوممۇ-
نىزم)، ۋە ئۈچۈنچى مەبدەئ ئىسلامدۇر. بۇ مەبدەئلەرنىڭ
ھەربىرى ئۆز ئەقىدىسىگە ۋە ئەقىدىدىن كېلىپ چىقىدىغان
تۈزۈمىگە ئىگىدۇر. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئىنساننىڭ ھاياتىدى-
كى ئەمەللىرىنى ئۆلچەيدىغان مۇئەييەن ئۆلچەمگە ئىگە،
جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئۆزىگە خاس نۇقتىئى نەزەرگە ۋە تۈزۈ-
مىنى ئىجرا قىلىشنىڭ تەرىقەتىگە ئىگىدۇر.

ئەقىدە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈپ كۆرۈلىدىغان بولسا،
كوممۇنىزم مەبدىئى پىكرىگە قارىغاندا ماددا بارلىق نەرسە-
لەرنىڭ ئەسلىدۇر. بارچە نەرسىلەر ماددىدىن ۋە ماددى
راۋاجلىنىش يولى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن. كاپىتالىزم مەب-
دىئى پىكرىگە قارىغاندا بولسا، دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىش
لازىم. بۇنىڭ نەتىجىسىدە دىننى دۆلەتتىنمۇ ئاجرىتىلىدۇ.
كاپىتالىستلار ياراتقۇچى بارمۇ ياكى يوقمۇ؟ بۇ ھەقتە بەھس
قىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ توختىلىش ماۋزۇسى ئاسا-
سەن - بارلىقى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ، ياكى ئىنكار قىلىنما-
دۇ-ياراتقۇچىنىڭ ھاياتقا ھېچقانداق دەخلى يوقلىقى ھەققىدە-
بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەقىدىلىرىغا

قارىغاندا ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانمۇ، ئىنكار
قىلغانمۇ باراۋەردۇر.

ئىسلام بولسا ئەقىدىدە ئۆزىگە خاس بەلگىلەرگە ئىگە: الله
بارلىق نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى دۇر: ئۇ، نەبىيلەرنى،
رەسۇللەرنى، ئىنسانىنىڭ پەرزەنتلىرىغا ئۆز دىنىنى ئۆگە-
تىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ئۇ قىيامەت كۈنىدە ئىنساندىن قىل-
غان ئىشلىرى ھەققىدە ھېسابات تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ ئىسلام ئەقىدىسى اللەغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلەرىگە،
كىتابلىرىغا، رۇسۇللىرىغا، ئاخىرەت كۈنىگە، قازا ۋە قە-
دەرنىڭ ياخشىلىقلىرىمۇ، يامانلىقلىرىمۇ اللەدىن ئىكەن لە-
كىگە ئىشىنىش -ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتدۇر.

ئەقىدىدىن تۈزۈمنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن قارال-
سا، سوتسىيالىزم مەبدىئىدە تۈزۈم، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسى-
تىلىرىدىن ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، فېئوداليزم جەمئىيىتىدە
ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىسى پالتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ-
نىڭدىن فېئوداليزم تۈزۈمى ئېلىنىدۇ. ئەگەر جەمئىيەت را-
ۋاجلىنىپ كاپىتالىزم دەرىجىسىگە يەتسە، تەخنىك قورالى
(ئىستانوك) ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ-
دىن كاپىتالىزم تۈزۈمى ئېلىنىدۇ. دېمەك، سوتسىيالىزم-
دا تۈزۈم مادىي راۋاجلىنىشتىن ئېلىنىدۇ. كاپىتالىزم مەب-
دىئىدە بولسا، ئىنسان دىنىي ھاياتىنى ئاجرىتىۋالغاچقا،
ھاياتىنىڭ ئۆزىدىن ئۆزى ئۈچۈن تۈزۈم ئىشلەپ چىقىش زۆ-
رۈر بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ ۋاقىلىكىدىن تۈزۈ-
مى ئېلىپ ئۇنى ئۆزى ئىشلەپ چىقىشقا باشلايدۇ. ئىسلامدا



بولسا، الله ئىنسانغا ھايات تۈزۈمىنى بەلگىلەپ، سەييىدىمىز
مۇھەممەد (س ئە ۋ) نى شۇ تۈزۈم بىلەن ئەۋەتكەن ۋە ئىن-
سانغا شۇ تۈزۈمنى يەتكۈزگەن. دېمەك، ئىنسان شۇ تۈزۈم
ئاساسىدا ياشىشى ۋاجىپ دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنسانلار
ئەمەللارنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ چىقىپ، ئۇنىڭ يېشىمىنى كى-
تاپ ۋە سۈننەتتىن ئىشلەپ چىقىدۇ.

ھاياتتىكى ئىشلار، ئەمەللەرنىڭ ئۆلچەملىرى جەھەتتىن
تەكشۈرۈلىدىغان بولسا، سوتسىيالىزم مەبدىئىدە ماددىلىق،
يەنى ماددىي نىزام ھاياتتىكى ئۆلچەمدۇر. ماددىي نىزامنىڭ
راۋاجلىنىشى بىلەن ئۆلچەممۇ راۋاجلىنىدۇ. كاپىتالىزم
مەبدەئىدە بولسا ھاياتتىكى ئەمەللەرنىڭ ئۆلچىمى مەنپەئەت-
دارلىق دۇر. خۇددى شۇ مەنفەئەتدارلىققا قاراپ ئىشلار ئۆل-
چىنىدۇ. ۋە شۇ ئاساسدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئىسلامدا
بولسا ھاياتتىكى ئەمەللەرنىڭ ئۆلچىمى ھالال ۋە ھارام، يەنى
اللەنىڭ بۇيرۇق ۋە توسۇقلىرىدۇر. دېمەك، ھالال بولسا
قىلىنىدۇ، ھارام بولسا قىلىنمايدۇ. بۇ ئۆلچەم راۋاجلانماي-
دۇ ۋە ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ ئۆلچەمدە مەنپەئەتدارلىق ئاساسى
ئۆلچەم بولالمايدۇ. بەلكى پەقەت شەرىئەت ھاكىم دۇر.

جەمئىيەتكە قاراش جەھەتتىن قارالسا. سوتسىيالىس-
تىك مەبدىئىدە جەمئىيەتكە ئۇمۇمى توپلام دەپ قارىلىدۇ.
يەر، ئىشلەپ چىقىرىش ۋاسىتىلىرى، تەبىئەت ۋە ئىنسان
- ئۇلارنىڭ بارچىسى بىرلا نەرسە يەنى ماددىدىن ئىبارەت
ئىكەنلىكى ئېتىبارى بىلەن. ئاشۇ توپلام جۈملىسىدىن دۇر.
تەبىئەت ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىلەر راۋاجلىنىدىكەن،



www.uyghurkitap.com

ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىنسانمۇ راۋاجلىنىدۇ، دېمەك، بۇلار بىر پۈتۈن جەمئىيەت راۋاجلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جەمئىيەت ماددىي راۋاجلىنىشقا تەۋەدۇر. ئىنسان بولسا، بۇ راۋاجلىنىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زىددىيەت ۋە قارمۇ-قارشىلىقلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشى زۆرۈر. جەمئىيەت راۋاجلانغانسېرى، ئۇ بىلەن بىرگە شەخس خۇددى چاق (سەلۇر)دىكى چىشلەر ئىختىيارسىز ئايلانغانغا ئوخشاش راۋاجلىنىدۇ.

كاپىتالىزم مەبدىئىدە بولسا جەمئىيەت شەخسلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئەگەر شەخسنىڭ ئىشلىرى تەرتىپكە سېلىنسا، جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىمۇ تەرتىپكە چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەقەت ئۇ شەخسكە ئىتىبارنى بېرىش لازىم. دۆلەت بولسا، شەخس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەبدەئ شەخسى مەنپەئەتلىرىنى جەمئىيەت مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن كۆرگۈچى مەبدەئدۇر. ئىسلام بولسا جەمئىيەتنىڭ ئاساس - ئۇل ئەقىدە، ئۇنىڭدا مۇجەسسەم بولغان پىكىرلار ۋە تۇيغۇلار ھەمدە ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان تۈزۈم (قانۇن)دىن ئىبارەت دۇر. قاچانكى، ئىنسانلاردا ئىسلام پىكىرلىرى، ئىسلام تۇيغۇلىرى ھۆكۈمران بولسا ۋە ئۇلارغا ئىسلام تۈزۈمى تەتبىق قىلىنسا ئىسلام جەمئىيىتى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇكى، جەمئىيەت، ئىنسان، پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلاردىن ئىبارەتتۇر. ئىنسان باشقا بىر ئىنسان بىلەن بىرلەشسە پەقەت جامائەتنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىنسان ئۆزىدىكى پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە



ئۇنىڭ ھاياتىغا تەتبىق قىلىنىۋاتقان قانۇنلار بىلەنلا جەمئىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ئالاقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان نەرسە مەسلەھەت (يەنى مەنپەئەت) دۇر. مانا شۇ مەنپەئەتلەر ھەققىدىكى پىكىرلار بىرخىل بولسا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن تۇيغۇلار بىرلىشىپ، رازى بولۇش ۋە نارازىلىقمۇ بىرخىل تۇس ئالسا ھەمدە مۇئەمالارنى يېشىپ بېرىدىغان تۈزۈممۇ بىرخىل بولسا، ئەنە شۇ چاغدا ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئەگەر مەنپەئەتلەر ھەققىدىكى پىكىر ھەرخىل بولسا، ياكى بۇ نەرسىلەرگە نىسبەتەن تۇيغۇلىرىمۇ ھەرخىل بولسا، رازىلىق ۋە نارازىلىق بىر خىل تۇس ئالمىسا ياكى ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇئەمالارنى يېشىپ بېرىدىغان تۈزۈممۇ ھەر خىل بولسا ئۇ ھالدا ئالاقە ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ، دېمەك، جەمئىيەتمۇ ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جەمئىيەت ئىنسان، پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى ئەنە شۇلار ئالاقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ ۋە جامائەتنى مۇئەييەن جەمئىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

شۇنىڭغا قارىغاندا بارچە ئىنسانلار مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلاردىكى پىكىرلار كاپىتالىزم، دېموكراتىيە پىكىرلاردىن ئىبارەت بولسا، ئۇلاردىكى تۇيغۇلار روھانىلىق-كاھىنلىق (خۇداگويلۇق)، ياكى ۋەتەن پەرۋەرلىك تۇيغۇلىرىدىن ئىبارەت بولسا، ھەمدە ئۇلارغا تەتبىق قىلىنىۋاتقان تۈزۈم كاپىتالىزم ۋە دېموكراتىيە تۈزۈمىدىن ئىبارەت بولسا، بۇنداق

جەمئىيەتنىڭ كۆپراق ئاھالىسى مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت بولسىمۇ ئۇ غەيرىي ئىسلامى جەمئىيەت بولىدۇ.

تۈزۈمنى تەتبىق قىلىش جەھەتتىن قارالسا، سوتسىيالىزم مەبدىئىدە دۆلەت ئارمىيە كۈچى ۋە قانۇننىڭ قاتتىق قوللۇقىغا تايانغان ھالدا يالغۇز ئۆزى تۈزۈمنى تەتبىق قىلىدۇ. شەخس ۋە جامائەتنىڭ ئىشلىرىنى دۆلەت باشقۇرىدۇ، تۈزۈمنىمۇ دۆلەتنىڭ ئۆزى راۋاجلاندۇرىدۇ. كاپىتالىزم مەبدىئىدە بولسا، دۆلەت ئەركىنلىكلەرنى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىر شەخس باشقىسىنىڭ ئەركىنلىكىگە تاجاۋۇز قىلسا، دۆلەت بۇ تاجاۋۇزنى دەرھال دەپئى قىلىدۇ. چۈنكى دۆلەت ئەركىنلىكلەرنى تەمىنلەش ئۈچۈن ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئەگەر شەخس باشقىسىنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلمىسا، - گەرچە قۇل قىلىۋالسىمۇ، بارچە ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالسىمۇ لېكىن بۇنى ئۇنىڭ رازىلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرسا - بۇنداق ھالەتتە ئەركىنلىكلەرگە ھېچقانداق تاجاۋۇز قىلىنمىغان، دەپ ھېساپلىنىدۇ ۋە دۆلەت ئارلاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دۆلەت پەقەت ئەركىنلىكلەرنى تەمىنلەش ئۈچۈن تۈزۈلگەندۇر.

ئىسلامدا بولسا ئىمانى بار شەخس الله تەئالا دىن ھەيبەتلەنگەن ھالدا، يەنى ئۆزىدىكى تەقۋا تەلىپىگە بىنائەن تۈزۈمنى تەتبىق قىلىدۇ. دۆلەت بولسا، تۈزۈمنىڭ ئادالەتلىكى ھەققىدىكى جامائەتتىكى ئىشەنچى ياردىمىدە، ئەمرى مەئرۇپ ۋە نەھى مۇنكەر ئىشلىرىدا ئۈممەتنىڭ ھاكىم بىلەن ھەمكارلىقى ياردىمىدە ۋە ئۆزىدىكى كۈچ ۋە سەلتەنەتكە تايان-



غان ھالدا تۈزۈمنى ئىجرا قىلىدۇ. دۆلەت پەقەت جامائەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئەگەر شەخس ئۆز ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئاجىز بولۇپ قالمىسا دۆلەت ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارلاشمايدۇ. تۈزۈم بولسا ھېچقاچان راۋاجلانمايدۇ. ئەمما شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىكى ئىجتىھاد نەتىجىلىرى ھەرخىل ۋە ئىختىلاپلىق بولۇپ قالسا، دۆلەت مۇئەييەن ھۆكۈمنى تاللاش، ئۇنى تەئيىن قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

ئىسلام مەبدىئىنىڭ مەپكۇرىسى ئىنساننىڭ يارىتىلىش تەبىئىتى (پىترەتى)گە مۇۋاپىق دۇر. ئۇ نەقەدەر چوڭقۇر بولسىمۇ يەڭگىل ۋە ئاسان دۇر. كۆز ئېچىپ يۇمغىچە ئىنسان ئۇنىڭغا ئەقىل - ئىدراكى، قەلبىنى ئېچىشقا باشلايدۇ. ھېچقانچە ئۆتمەي ئۇنىڭ چوڭقۇر ۋە مول مەزمۇن مەنىلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن مۇھەببەت ۋەئىھتىرام بىلەن ئۇنىڭغا تەلپۈنىشكە باشلايدۇ. چۈنكى تەدەييۇن (دىندارلىق) ئىنساندا تەبىئىيدۇر. ھەرقانداق ئىنسان ئۆز پىترىتىگە قارىغاندا سىغىنغۇچىدۇر. ھېچقانداق كۈچ ئىنساندىن بۇ پىترەتنى سۇغۇرىۋالالمايدۇ. چۈنكى بۇ پىترەت ئىنسان ۋۇجۇدىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئىنسان ئۆز تەبىئىتىگە قارىغاندا ئۆزىنىڭ نۇقسانلىرىنى، ۋۇجۇتتا ئۆزىدىن مۇكەممەلراق كۈچ بارلىقىنى ۋە بۇ كۈچ سىغىنىش ھەمدە مۇقەددەس دەپ بىلىشكە ئەڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. تەدەييۇن ئىشلارنى ئەرتىپكە سالغۇچى ياراتقۇچىغا مۇھتاجلىق بولۇپ، بۇ مۇھتاجلىق ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى تەبىئى ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. تەدەييۇن ئورۇنلاشقان غەرىزە بولۇپ ئۇنىڭ مۇئەي-

بەن كۆرنىشى باردۇر، ئۇ ھەربىر نەرسىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەت بارچە ئەسىرلەر داۋامىدا دىندار بولۇپ ھەربىر نەرسىگە سىغىنىپ كەلدى. مەسىلەن، ئۇ ئىنسانغا، پەلەكلەرگە، تاشلارغا، ھايۋانلارغا، ئوت ۋە باشقا نەرسىلەرگە سىغىندى. ئىسلام ئۆز ئەقىدىسىنى ئىلىپ كەلگەچ، ئىنسانىيەتنى مەخلۇقاتلارغا ئىبادەت قىلىشدىن ئازات قىلدى، بارچە جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتلارنى ياراتقان يالغۇز الله تەئەلاغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. اللەنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان، روھنى ئىنكار قىلىدىغان ماددى مەبدەئ ۋۇجۇتقا كەلگەچ، بۇ تەبىئى تەدەييۇن (دىندارلىق) نى يوق قىلالمىدى. پەقەت ئىنساندىكى ئۆزىدىن ئۇلۇغراق، قۇدرەتلىكراق كۈچ ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرنى، بۇكۈچنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشنى ئۆزگەرتىپ، بۇ كۈچ ماددى مەبدەئ ۋە ئۇنىڭ داھىيلىرىدا دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا، بۇمەبدەئ ۋە ئۇنىڭ داھىيلىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشكە، ئۇلۇغلاشقا ئۆزگەرتتى. گوياكى بۇ مەبدەئ يەنە ئارقىغا قايتىپ، ئىنسانلارنىڭ مۇقەددەس دەپ بىلىشىنى اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن بەندىلەرگە ئىبادەت قىلىشقا، اللەنىڭ ئايەتلىرىنى مۇقەددەس دەپ بىلىشتىن مەخلۇقاتلارنىڭ سۆزلىرىنى مۇقەددەس دەپ بىلىشكە ئايلاندۇردى. ئەنە شۇ خۇسۇستا بۇ مەبدەئ ئارقىغا چېكىنگۈچى دۇر. ئۇ تەدەييۇن پىترىتىنى يوق قىلالمىدى، بەلكى ئۇنى چالغىتىش ئارقىلىق رىئاكسىيون تۈستە ئۇرنىنى ئالماشتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەبدەئنىڭ مەپكۇرىسى ئىنسان تەبىئىتىگە زىت ۋە سەلبى



مەپكۇرە دۇر. شۇنىڭدىن كوممۇنىزم مەپكۇرىسى پىترى چەھەتتىن مۇۋەپپىقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. ئاشقازاننى توزاق قىلىپ ئۆز مەپكۇرىسىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھىلەلەر ئويلاپ تاپتى، بۇ مەپكۇرە ئاچ - نامراتلارنى، قورقۇنچاق - پەسكەشلەرنى ۋە نائۈمىد يوقسۇللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالتى. بۇ مەپكۇرىنى ئاساسەن تۈۋەنلىشىپ كەتكەن، ھاياتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان، ئامەتسىز، باشقىلارنىڭ بەختىنى كۆرەلمەيدىغان ھەمدە ئەقلى جايىدا ئەمەس، كىشىلەر قوبۇل قىلالتى. يەنە بۇ كىشىلەر سەزگۈ ۋە ئەقلىنىڭ گۇۋالىقى بىلەن بۇزۇقلىقى ۋە ناتوغرىلىقى روشەن كۆرۈنىپ تۇرغان دىيالىكتىك نەزەرىيەسىنى ئاسمانلارغا كۆتىرىپ ئېغىزلىرىنى كۆپۈكلەشتۈرۈپ ئۇلارنى كۈچلۈك تەبەككۇر ئىگىلىرى دىيىشەتتى. بۇ مەپكۇرە ئادەملەرنى ئۆز مەبدىئىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن كۈچ ۋە زوراۋانلىقنى قورال قىلدى. بۇنىڭدىن قىسغاش، توساش ۋە قىناشلار كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىلىرى قورغىلاڭلار، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشلار، ۋەيرانچىلىق ۋە داۋالغۇشلاردىن ئىبارەت ئىدى.

شۇنىڭدەك، كاپىتالىزم مەپكۇرىسىمۇ ئىنسان پىترىتىگە يەنى دىندارلىق - تەدەييۇن پىترىتىگە ماس كەلمەيدۇ. چۈنكى تەدەييۇن پىترىتى ئىنسانىنىڭ سىغىنىشى (ئىبادەت قىلىشى) دا نامايەن بولغاندا ئوخشاش، ھاياتتىكى ئىشلىرىنى تەرتىپ ۋە ئىنتىزامغا سېلىۋاتقاندىمۇ كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇنداق تەرتىپ ۋە تەدبىر ھەققىدە باش قاتۇرىدىغان بۇ ساھەدە تورلۇك ئىختىلاپ ۋە زىديەتلەرگە

دوج كېلىدۇ. بۇمۇ ئىنساندىكى ئاجىزلىق بەلگىسى دۇر. شۇڭا ئۈچۈن ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ئىشلىرىنى دىن تەرتىپكە سېلىشى لازىم. دېمەك، دىننىڭ ھاياتتىن چەكلىنىشى ئىنساننىڭ پىترىتىگە زىت دۇر. بۇنىڭدىن تاشقىرى دىننىڭ ھاياتتا مەۋجۇت بولۇشى بۇ دۇنيا ھاياتىدىكى ئىشلارنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى دىننىڭ ھايات مەيدانىدا مەۋجۇت بولۇشى - اللە بۇيرىغان ۋە بەلگىلەپ بەرگەن تۈزۈمنى ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى مۇئەمىلەرىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغان قىلىپ قويۇش دېمەكدۇر. بۇ تۈزۈم ئىنسان پىترىتىدە مەۋجۇت بولغان بارچە تەلەپ ۋە ئېھتىياجلارنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئەقىدىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق تۈزۈمنى چەكلەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەدەييۇن غەرىزىسىغا ماس كەلمەيدىغان ئەقىدىدىن كېلىپ چىقىدىغان تۈزۈمنى ئېلىش ئىنسان پىترىتىگە زىت دۇر. شۇڭا ئۈچۈن كاپىتالىزم مەپكۇرىسى پىترى جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. چۈنكى ئۇ دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىشىدا دىندارلىق، (تەدەييۇن) نى ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇنى شەخسى مەسىلە قىلىپ قويۇشىدا ۋە اللە تەئالا بۇيرىغان تۈزۈمنى ئىنسان مۇئەمىلىرىنى مۇئالىجە قىلىشتىن يىراقلاشتۇرۇشىدا سەلبى مەپكۇرەدۇر.

ئىسلام مەپكۇرىسى بولسا ئىجابى مەپكۇرە دۇر. چۈنكى ئۇ اللەنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشتە ئەقىلنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ مەپكۇرە كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتتا مەۋجۇت بولغان، بۇ مەخلۇقاتلارنىڭ بارچىسىنى ياراتقان اللەنىڭ بارلىقىغا



قەتئى دالالەت قىلىدىغان جەھەتلىرىگە ئىنساننىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قارىتىدىكەن، ئىنسان ئۆز پىترىتىگە بىنائەن دائىم (ھەمىشە) ئىزدەيدىغان، ئىنسان، كائىنات ۋە ھاياتتا مەۋجۇت بولمىغان مۇتلەق كامالەتنى، مۇكەممەللىكنى [illegible]سانغا بەلگىلەپ بېرىدىكەن، ئۇنىڭ ئەقلىنى شۇ مۇتلەق كامالەت تەرىپىگە يوللاپ، ئۇنى ئىدراك قىلىۋېلىشى، ئىمان كەلتۈرۈشى، ئىشىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىسلام مەپكۇرىسى ئەقىلنى ئاساس قىلىپ بەلگىلىگەن.

كوممۇنىزم مەپكۇرىسى بولسا، ئەقلىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ ئەقىلنىڭ ئەمەس ماددىلىقنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان. چۈنكى پىكىردىن ئىلگىرى ماددا مەۋجۇت بولغان ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئەسلى ماددىدىن ئىبارەتتۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىغانلىقى ئۈچۈنمۇ بۇ مەپكۇرە ماددى مەپكۇرە دۇر. كاپىتالىزم مەپكۇرىسى بولسا، چىركاۋ روھانىلىرى بىلەن مۇتەپەككۇر. ئالىملار ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە ئەسىر داۋام قىلغان قانلىق تالاش تارتىشلار دىنكېيىن ئويلاپ تېپىلغان ئوتتۇرچە يېشىم، يەنى ئۆز ئاراكېلىشىۋېلىش يېشىمى ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇنىڭدىن دىننى دۆلەتتىن ئاجرىتىۋېتىش كېرەك، دېگەن نەتىجە چىقارغان. شۇڭا ئۈچۈنمۇ بۇ ئىككى مەپكۇرە (سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزم) مۇۋەپپەقىيەتسىز، يەنى مەغسەتكە مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى بۇلارنىڭ ئىككىلىسىمۇ پىترەتكە زىت ۋە ئەقىل ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەمەس.

خۇلاسە شۇكى، يالغۇز ئىسلام مەپكۇرىسىلا ئەڭ توغرا

داق ئىنساننى ئېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا سۇريانى تىلدا يېزىلغان كىتاپنى بېرەيلى، ئۇنىڭدا سۇريانى تىل ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بولمىسۇن! ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت بېرەيلىكى، خەتنى كۆرۈش، بارماقلىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرۈش ئارقىلىق سىپ-زىپ ھېس قىلىپ كۆرسۇن. بۇ سېزىمنى مىليون قېتىم تەكرارلىساقمۇ - ئۇنىڭغا سۇريانى تىل ۋە بۇ تىلغا ئالاقىدار بولغان باشقا زۆرۈرەتلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بەرمەي تۇرۇپ-ئۇ بىرەر سۆزنى چۈشىنەلمەيدۇ. قاچان بۇ مەلۇماتلار بېرىلسە، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ كىتاپ ھەققىدە پىكىر قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئىدراك قىلىشقا باشلايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بارچە سېزىملىرى ساغلام، لېكىن ھېچقانداق مەلۇمات ئالمىغان بىر ياش بالىنى ئېلىپ، بىرپارچە ئالتۇن، بىرپارچە قوغۇشۇن ۋە تاش پارچىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويايلى. بۇ سېزىشلارنى ھەر قانچە تەكرارلىساقمۇ، ھەر قانداق تۇسدە تەكرارلىساقمۇ، بەربىر ئۇ ھېچنەرسىنى ئىدراك قىلالمايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا ئاۋۋال شۇ نەرسىلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بېرىلسە، كېيىن ئۇ، نەرسىلەرنى سېزىپ، بېرىلگەن مەلۇماتلارنى ئىشقا سالىدۇ - دە، دەرھال بۇ نەرسىلەرنى ئىدراك قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ بالىنىڭ يېشى چوڭىيىپ، 20 ياشقا يەتسىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات ئالمىسا، تەجرىبىسىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىكىدەك - مەزكۇر نەرسىلەرنى پەقەت سېزىملىرى ئارقىلىق سېزىدۇ. لېكىن مىڭە ھەرقانچە ئۇسسىمۇ، ئۇ نەرسىلەرنى ئىدراك قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىدراكنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان نەرسە مىڭە ئەمەس،



بەلكى ئۇنىڭدىكى ئىدراكنى مىڭە ۋە سەزگۈلەر ياردەمىدە تەكشۈرۈلغان ۋاقى بىلەن بىرگە سابىق مەلۇماتلار ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئەقىل بىلەن ئىدراك قىلىش، يەنى ئەقلى ئىدراك جەھەتتىن قارالغان چاغدىكى ھالەت. تۇيغۇلار ياردەمىدە ۋۇجۇتقا كېلىدىغان ئىدراك جەھەتتىن قارالسا، بۇنداق ئىدراك غەرىزىلەر ھەممە بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق تۇيغۇلار ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدىغان ئىدراك ئىنساندا ھاسىل بولغىنىدەك، ھايۋانلاردىمۇ ھاسىل بولىدۇ. ئىنسانغا ئالما بىلەن بىرپارچە تاشنى بېرىپ، بۇنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانسا، ئالمىنى يېگىلى بولىدىغانلىقىنى، تاشنى بولسا يېگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ئېشەكمۇ ئارپىنى يېيىش مۇمكىنلىكىنى، تۇپراقنى بولسا يېگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن بۇ ئايرىۋېلىش پىكىرمۇ، ئىدراكمۇ ئەمەس. بەلكى بۇ غەرىزە ۋە ئۆزۈۋى ئېھتىياجلارغا باغلىق دۇر. بۇنداق ئايرىپ بىلىش ھايۋاندا بولغانغا ئوخشاش ئىنساندىمۇ مەۋجۇت دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەگەر ۋاقىنى سېزىپ، بۇ سېزىشنى سەزگۈ ئەزالىرى ۋاستىسىدا مىڭىگە ئۆزىتىلغاچقا بۇلار بىلەن بىرگە سابىق مەلۇماتلارمۇ مەۋجۇت بولمىسا، ھېچقاچان پىكىر ھاسىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىڭغا قارىغاندا ئەقىل، پىكىر ياكى ئىدراك بۇ-ۋاقىنى سېزەلىگەچكە، بۇ «سېزىملار» نى «سېزىش ئەزالىرى» ۋاستىسىدە، «مىڭى» گە ئۆزاتىلىشى ۋە ۋاقىنى چۈشىنىۋېلىشقا ياردەم بېرىدىغان «سابىق مەلۇماتلار» نىڭ مەۋ-

جۇت بولۇشىدىن ئىبارەت.

شۇنىڭغا قارىغاندا، كوممۇنىستىك مەپكۇرە خاتا ۋە بۇزۇق مەپكۇرە دۇر. چۈنكى ئۇ ئەقىل ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭدا پىكىر ۋە ئەقىلنىڭ مەنىسىمۇ ناتوغرا تەبىرقىلىنغان.

كاپىتالىزم مەپكۇرىسى بولسا، چىركاۋ روھانىلىرى بىلەن مۇتەپەككۇر، ئالىملار ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇرچە يېشىم يەنى ئۆزئارا كېلىشىۋېلىش يېشىمى ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ مەپكۇرە چىركاۋ روھانىلىرى بىلەن مۇتەپەككۇر ئالىملار ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە ئەسىرلەر داۋام قىلغان دەھشەتلىك كۈرەشىدىن كېيىن ئوتتورىھال يېشىم يەنى «دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىش كېرەك»، دېگەن قارارغا كېلىپ توختىغان. بۇنىڭ مەناسى دىننىڭ بارلىقىنى زىمىن ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى ھاياتتىن چەكلەش دېمەكدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەپكۇرە ئەقىل ئاساسىغا قۇرۇلمىغان، بەلكى ئۇ رازى قىلىش يېشىمى، ياكى ئوتتۇرىھال يېشىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلاردىكى ئەسلى قائىدە «ئوتتۇرىھال يېشىم» دىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇلار ھەقىقەت بىلەن يالغاننى، ئىمان بىلەن كۇفرىنى، نۇر بىلەن زۇلمەتنى «ئوتتۇرىھال يېشىم» ياردىمىدە يەقىنلاشتۇرماقچى. ئەسلىدە بولسا، ئوتتۇرىھال يېشىمنىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى قويۇلىدىغان مەسىلە ھەقىقەت ياكى يالغان، ئىمان ياكى كۇفرى، نۇر ياكى زۇلمەت مەسىلىسىدۇر. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى ۋە مەپكۇرىسىنىڭ ئۇلى بولغان «ئوتتۇرىھال



يېشىم» ئۇلارنى ھەقىقەتتىن، ئىماندىن ۋە نۇردىن يىراقلاشتۇرىۋەتتى. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارنىڭ مەپكۇرىسى بۇزۇق ۋە ناتوغرا مەپكۇرە دۇر. چۈنكى ئۇ ئەقىل ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەمەس.

ئەمما ئىسلام مەپكۇرىسى بولسا ئەقىل ئاساسىغا قۇرۇلغان. چۈنكى بۇ مەپكۇرە ھەربىر مۇسۇلمانغا ئەقىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق الله تەئالانىڭ بارلىقىغا، مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ۋە قۇرئان كەرىمگە ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. غايىپ ۋۇجۇتلارغا ئىشىنىشنى پەرىز قىلىدىكەن، بۇلارنى قۇرئان كەرىم ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىسقا ئوخشاش ئەقىل بىلەن ئىسپاتلانغان مەنبەدىن ئېلىش شەرتى بىلەن ئۇلارغا ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام مەپكۇرىسى ئەقىل ئاساسىغا قۇرۇلغان مەپكۇرە دۇر.

بۇ ئەقىل جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈپ كۆرۈلگەن چاغدىكى ھالەت. پىترەت جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈپ كۆرۈلسە، ئىسلام مەپكۇرىسى پىترەتكە مۇۋاپىق ۋە ھەرجەھەتتىن پىترەتكە ماس كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ دىننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ھاياتتا مەۋجۇت بولۇشى ۋە ھاياتنى اللەنىڭ بۇيرۇق ۋە توسۇقلىرى ئاساسىدا باشقۇرۇش زۆرۈر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. تەدەييۇن ئىنساننىڭ يارىتىلىش تەبىئىتىدە مەۋجۇت، دېمەككى، پىترى دۇر. چۈنكى تەدەييۇن غەرىزىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تەلەپ ۋە ئېھتىياجلىرى بار ئۇ بولىسىمۇ بىرەر نەرسىنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇنىڭغا سىغىنىشتىن ئىبارەت. بۇ تەلەپ ۋە ئېھتىياج باشقا ھەرقانداق



www.uyghurkitap.com

غەرەزلەرنىڭ تەلەپ، ئېھتىياجلىرىدىن مۇتلەق پەرق قىلىدۇ. بۇ ئېھتىياج مۇئەييەن غەرەزنىڭ تەبىئىي تەلىپىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، دىننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ئىشلىرى ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ۋە توسۇقلىرى ئاساسىدا باشقۇرۇلىشى زۆرۈرلىكىگە ئىشىنىش تەبىئىيدۇر. بۇ بولسا ئىنسان پىترىتىگە مۇۋاپىق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەپكۇرە ئىنساننىڭ تەلىپىگە جاۋاپ بېرەلەيدۇ.

ئەكسىچە، كوممۇنىزم ۋە كاپىتالىزم مەپكۇرىلىرى پىترەتكە زىت دۇر. چۈنكى كوممۇنىزم مەپكۇرىسى دىننى مۇتلەق ئىنكار قىلىدۇ، دىننى ئېتىراپ قىلىشقا قارشى كۆرەش قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ، پىترەتكە قارمۇ قارشى دۇر. كاپىتالىزم مەپكۇرىسى بولسا، دىننى ئېتىراپمۇ، ئىنكارمۇ قىلمايدۇ. ئۇ، دىننى ئېتىراپ قىلىش ياكى ئىنكار قىلىشنى بەھسى ماۋزۇسى دەپ ھېسابلىمايدۇ. لېكىن، دىن ھاياتتىن ئايرىتىلىشى زۆرۈر دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇ ھاياتنى باشقۇرۇشتا دىننىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولماسلىقىنى، ھايات ساپ مەنپەئەتدارلىق ئاساسىدا باشقۇرۇلىشىنى خالايدۇ. بۇ بولسا پىترەتكە زىت ۋە ئۇنىڭ تەلەپ ۋە ئېھتىياجلىرىدىن يىراقدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇمۇ ئىنساننىڭ پىترىتىگە زىت دۇر.

بۇنىڭدىن خۇلاسە قىلىش مۇمكىنكى، يالغۇز ئىسلام مەپكۇرىسىلا ـ ئىنسان پىترىتى ۋە ئەقلىغا مۇۋاپىق بولغىنى ئۈچۈن، ئەڭ توغرا مەپكۇرە بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىسى ناتوغرادۇر. سەۋەبىدىن يالغۇز ئىسلام مەپكۇرىسى توغرا ۋە مۇۋەپ-



پىقىيەتلىك بولۇپ قالىدۇ.

ئەنە بىر مەسىلە بار. مۇسۇلمانلار ئىسلامنى تەتبىق قىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئىسلام ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىپ، لېكىن باشقا قانۇن ۋە تۈزۈملەرنى تەتبىق قىلغانمىدى؟.

بۇنىڭ جاۋابى: مۇسۇلمانلار بارچە ئەسىرلەر داۋامىدا ـ رەسۇلۇللا (س ئە ۋ) مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ ھىجرىيەنىڭ 1336 ـيىلى مىلادى 1918ـ يىلى مۇستەبىتلىكچىلەر قولى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئىسلام دۆلىتى يىقىتىلغانغا قەدەر دەۋرى ئىچىدە ـ پەقەت ئىسلامنى تەتبىق قىلىشقان بۇ تەتبىق شۇنداق كەڭ قولاچ يايغان ئىدىكى، ھەتتا مۇۋەپپىقىيەتنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسىگە كۆتىرىلگەن ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئەمەلىيەتتە ئىسلامنى تەتبىق قىلغانلىقىنى بىلىش قىيىن ئەمەس. تۈزۈمنى دۆلەت تەتبىق قىلىدۇ. دۆلەتتە تەتبىق ئىشلىرىغا ئەلاقىدار بولغان شەخسلەر ئىككى دۇر. بىرىنچىسى- ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ماجرالارنى، ئايرىيدىغان قازى. ئىككىنچىسى- ئىنسانلار ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان ھاكىم. قازى ئىسلامنى تەتبىق قىلغانلىقىغا كەلسەك، تەۋاتىر يولى بىلەن ـ ھۆججەت ۋە دەلىللەر بىلەن نەقىل قىلىنىشى بويىنچە مەلۇمكى، قازىلار ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى دەۋالاشلارنى ـ رەسۇلۇللا (س ئە ۋ) ياشىغان دەۋرىدىن تاكى ئىستانبۇلدىكى خەلىپىلىك دۆلىتى تۈگىگىچە ئۆتكەن دەۋرلەردە ؛ ھاياتنىڭ بارچە ئىشلىرىدا، خاھى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا ئىشلىرىدا بولسۇن، خاھى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغانلار بىلەن بولىدىغان ئالا-

www.uyghurkitap.com

قىلمىغىدا بولسۇن، بارچە ئىشلاردا پەقەت شەرىئەت قانۇنلىرى
ئاساسىدا ھەل قىلاتتى. ھوقۇق، جازا چارىلىرى، شەخسى
ھالەتلەر ۋە ھاكازالارغا تېگىشلىك بولغان دەئۋالاشلارنى ئاج-
رىتىم قىلىدىغان مەھكىمە بولمىغان، بىر پۈتۈن مەھكىمە
بولۇپ، ئۇ، يالغۇز ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم چىقى-
راتتى. بىرەر مەسىلە ئىسلام شەرئى ھۆكۈملىرىدىن باشقا
قانۇنلار ئاساسىدا ھەل قىلىنغانلىقىنى پاكى مۇستەملىكىچى-
لەر تەسىرى ئاستىدا مەھكىمىلەر. شەرئى مەھكىمە ۋە نىزا-
مى مەھكىمىگە بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى ئىسلام مەملىكەتلە-
رىدىكى بىرەر مەھكىمە ئىسلامدىن باشقا قانۇن بىلەن ھۆكۈم
چىقارغانلىقىنى ھېچكىم رىۋايەت قىلمىغان. قۇددۇس، باغ-
دات، دەمەشق، مىسىر، ئىستانبۇل ۋە باشقا قەدىمى شەھەر-
لەردە ساقلىنىپ قالغان شەرئى مەھكىمىلەرنىڭ ھۆججەتلە-
رى بۇنىڭ ئەڭ يارقىن دەلىلىدۇر. چۈنكى بۇ ھۆججەتلەر
قازىلار يالغۇز ئىسلام شەرىئىتىنىلا تەتبىق قىلغانلىقىنىڭ
ئېنىق دەلىلى دۇر. ھەتتا مۇسۇلمان بولمىغان، نەسرانى
يەھۇدىلارمۇ ئىسلام فىقھىسىنى ئۆگىنىپ بۇ ساھەدە كىتابلار
يازغان ئىدى. «مەجەللە» دەپ ئاتالغان ئەدلىيە قانۇنلىرى
توپلىمىنى شەرھى قىلغان سەلىم باز ۋە باشقىلار كېيىنكى
ئەسىرلەردە ئىسلام فىقھى ساھەسىدە ئەسەرلەر يازاتقان مۇ-
سۇلمان بولمىغان ئالىملار جۈملىسىدىن دۇر. چەتتىن كىر-
گۈزۈلگەن قانۇنلار بولسا، ئۇلار ئىسلام ھۆكۈملىرىغا زىت
ئەمەس دېگەن ئۇلىمالارنىڭ پەتىۋاسىغا بىنائەن كىرگۈزۈل-
گەن. شۇنداق قىلىپ ھىجرىيەنىڭ 1275- يىلى مىلادىنىڭ



1857-يىلى «ئوسمانىلار جازا قانۇنى» كىرگۈزۈلدى.
ھىجرىيەنىڭ 1276-يىلى مىلادىيەنىڭ 1858-يىلى «ھوقۇق
ۋە تىجارەت قانۇنى» كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھىجە-
رىيىنىڭ 1288- يىلى مىلادىنىڭ 1870-يىلى مەھكىمە ئى-
كى قىسىمغا . شەرئى مەھكىمە ۋە نىزامى مەھكىمىگە
بۆلۈنۈپتىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن نىزام قوبۇل قىلىندى. ھىجرى-
يىنىڭ 1295-يىلى مىلادىنىڭ 1877-يىلى «نىزامى مەھكى-
مىلەرنى تەشكىللەش لايىھىسى» تۈزۈلۈپ، ھىجرىيىنىڭ
1296 -يىلى «ھوقۇق ۋە جازا ۋە مۇھاكىمىلىرىنىڭ ئاساسلى-
رى» قانۇنى قوبۇل قىلىندى. ئۇلىمالار دۆلەتكە «مەدەنى»
قانۇنلارنى .كىرگۈزۈشكە يول قويىدىغان بىرەر ئاساس تاپال-
ماي مەجەللە (ئەدلىيە قانۇنلىرى توپلىمى)نى مۇئەممالار
ئۈچۈن قانۇن سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، «مەدەنى» قانۇنى-
نى چىقىرىۋېتىلدى. بۇ، ھىجرىيىنىڭ 1286-يىلىدا ئىدى.
بۇ قانۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام رۇخسەت بېرىدىغان ھۆ-
كۈملەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىناتتى. بۇ قانۇنلارغا ئىجازەت
بېرىدىغان پەتىۋا ئېلىنغاندىن كېيىن شەيخۇل ئىسلام بۇ
قانۇنلارنى قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىنلا ئۇ-
لارنى تەتبىق قىلىشقا كىرىشىلدى ى. بۇلارنى ئاشۇ قانۇنلار
ھەققىدە تارقالغان رەسمى ھۆججەتلەردىنمۇ بىلىش مۇمكىن،
گەرچە مۇستەملىكىچىلىك 1918-يىلىدىن، يەنى مەملىكەتنى
بېسىۋالغاندىن باشلاپ ھوقۇق ۋە جازا مەسىلىلىرىنى ئىسلام
شەرىئىتىسىز ئاجرىم قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن
مۇستەملىكىچىلىك ئۇيۇزى كىرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزلەش-

كەرلىرى بىلەن باستۇرۇپ كىرمىگەن مەملىكەتلەر ھازىرمۇ
ھوقۇقى جەھەتتىن ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزمەكتە.
مەسىلەن، ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ ھەممىسى: ھىجاز، نەج-
دى، كۇۋەيت شۇنىڭدەك ئافغان يۇرتلىرى ھازىرغىچە ھوقۇ-
قى جەھەتتىن ئىسلامنى تەتبىق قىلىپ كەلمەكتە. ھازىر
ھاكىملار بۇ يۇرتلاردا ئىسلامنى تەتبىق قىلمايۋاتقان بولسى-
مۇ، لېكىن بۇ يۇرتلار ھازىرغىچە ھوقۇقى ئىشلاردا ئىسلام
شەرىئىتى بىلەنلا ھوقۇق يۈرگۈزمەكتە. ئۇنىڭدىن كۆرىمىز-
كى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ بارلىق ئەسىرلىرى داۋامىدا ھوقۇ-
قى جەھەتتىن ھېچقانداق بىگانە قانۇنلارتەتبىق قىلىنماي،
يالغۇز ئىسلامنىلا تەتبىق قىلىنغان.

ھاكىمنىڭ ئىسلامنى تەتبىق قىلىشى بولسا بەش نەرسى-
دە: ئىجتىمائى تۇرمۇش، ئىقتىساد، تەئلىم، تاشقى سىيا-
سەت ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا باغلىق بولغان شەرىئەت ھۆ-
كۈملىرىدا گەۋدىلىنىدۇ، بۇ بەش ساھەنىڭ ھەممىسى ئىسلام
دۆلىتى تەرىپىدىن تەتبىق قىلىنغان. ئائىلىنىڭ ئەر بىلەن
بولىدىغان ئالاقىلىرىنى ۋە بۇ ئالاقىغا تەئەللۇق بولغان بارچە
مۇناسىبەتلەرنى يەنى شەخسى ھالەتلەرنى بەلگىلەپ بېرىدىغان
ئىجتىمائى قانۇنلار مۇستەملىكىچىلىك ۋە كۇفرى ھاكىمىيە-
تى مەۋجۇت بولسىمۇھازىرغىچە تەتبىق قىلىنىپ كېلىنمەك-
تە ۋە ھازىرغىچە بۇ ساھەدە باشقا قانۇنلار تەتبىق قىلىنغان
ئەمەس. ئىقتىساد قانۇنلىرى بولسا ئىككى ساھەدە - بىرىن-
چىسى: دۆلەت تەرىپىدىن ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك مۇئەممالە-
رىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خەلقتىن مال-مۈلۈكنى يىغىش،



ئىككىنجىسى: بولسا بۇ مال- مۈلۈكنى سەرپ قىلىش كېيى-
نىدە نامايەن بولىدۇ. خەلقتىن مال-مۈلۈك يىغىش ئىشى
شۇنىڭدىن ئىبارەتكى دۆلەت-ئىبادەت دەپ ئېتىبار قىلغان
ھالدا مال - مۈلۈك، يەرلەر ۋە چارۋىلاردىن زاكات ئېلىپ،
ئۇنى قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان 8 سىنىپىغا تەقسىم قىلاتتى.
دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن بۇ مال-مۈلۈكنى
ئەسلا ئىشلەتمەيتتى. دۆلەت ۋە ئوممەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە
قىلىش ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتىگە مۇۋاپىق رەۋىشتىلا مال
- مۈلۈكنى يىغىۋالاتتى. دۆلەت سېلىقلىرى ئۈچۈن- ھېچقان-
داق قانۇن قوبۇل قىلماي، بەلكى پەقەت ئىسلامنى تەتبىق
قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت يەرگە خىراج، غەيرى مۇ-
سۇلمانلاردىن جىزيە ۋە ئىچكى ۋە تاشقى تىجارەتكە باشچىلىق
قىلغانلىقى ئۈچۈن- باج سېلىقلىرىنى ئالاتتى. ئىسلام شەرى-
ئىتى بەلگىلىگەن ئورۇندىنلا مال - مۈلۈكنى يىغىۋالاتتى.
مۈلۈكنى تەقسىم قىلىش بارىسىدا بولسا، دۆلەت ئاجىز شە-
خىسلەرگە نەپىقە بېرىش ھۆكۈملىرىنى تەتبىق قىلىپ، رو-
ھى ساغلام ئەمەس ۋە ئىسراپ خورلارنىڭ مۈلكىنى ئۆزى
سەرىپ قىلىشتىن مەنئى قىلىپ، ئۇلارغا ۋەسى تەئيىن
قىلاتتى. دۆلەت ھەربىر شەھەردە، ھەجگە بارىدىغان يوللاردا
پەقىر، مىسكىن ۋە مۇساپىرلارنىڭ غىزالىنىشى ئۈچۈن مەن-
زىلگاھلارنى بىنا قىلاتتى. بۇ مەنزىلگاھلارنىڭ يادىكارلىرى
بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتا شەھەرلىرىدا
ساقلىنىپ كەلمەكتە. خۇللەس دۆلەت تەرىپىدىن مۈلۈكنى
خەجلەش شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىلغان ۋە ھېچقاچان

شەرىئەتتىن باشقا قانۇنلار ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان. بۇ ساھەدە مەلۇم بولىدىغان بەزى بىر نۇقسانلار شەرىئەتنى مۇتلەق تەتبىق قىلمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى بىپەرۋا ۋە يامان تەتبىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تەئلىم سىياسىتى بولسا ئىسلام ئاساسىغا قۇرۇلاتتى. تەئلىم پىروگراممىسىنىڭ ئاساسى ئىسلام ساقاپىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەجنەبىي ساقاپەتلىرىن. ئەگەر ئىسلامغا زىت بولىدىغان بولسا، پىروگراممىلىرىغا كىرگۈزۈلمەسلىككە قاتتىق ئەھمىيەت بېرەتتى. مەدرىسىلەر ئېچىش ھەققىدە، نۇقسانلار پەقەت ئوسمانلار دۆلىتىنىڭ ئاخىرىدىلا يۈز بەرگەن، بۇ ھال ئىسلام شەھەرلىرىنىڭ بارچىسىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى شۇ دەۋرىدە ئەۋجىگە چىققان پىكرى قالاقلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. قالغان ئەسىرلاردا بولسا پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم ۋە مەشھۇر ئىدىكى، ئىسلامنىڭ چوڭ شەھەرلىرى بارچى ئالىملار ۋە ئىلىم ئىزدىگۈچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ كەلگەن دەرگاھلار ئىدى. جاھاندىكى تەئلىم - تەربىيە ئىشلىرىنىڭ يولغا قويۇلىشىدا قۇرتۇبە (كوردوۋا)، باغدات، دەمەشق، ئىسكەندىرىيە ۋە قاھىرە دېگەن ئالى ئىلىم دەرگاھلىرىنىڭ ناھايىتى كاتتا تەسىرى بولغان.

تاشقى سىياسەت ئىسلامى ئاساسقا قۇرۇلاتتى. ئىسلام دۆلىتى ئۆزىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ئالاقىلىرىنى ئىسلام ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇراتتى. بارچى دۆلەتلەر ئۇنىڭغا. ئىسلام دۆلىتى دېگەن سۈپەت بىلەن قارايتتى.



ئىسلام دۆلىتىنىڭ بارچە تاشقى ئالاقىلىرى ئىسلام ئاساسىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ - ئېيتەن مۇسۇلمانلىقى ئېتىبارى بىلەن - مەنپەئەتلىرىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا ئېلىپ باراتتى. ئىسلام دۆلىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى ئىسلامى سىياسەت بولغانلىقى پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، ئۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھېچقانداق دەلىلنىڭ ھاجىتى يوق.

نىزامۇل - ھۆكۈم (يەنى باشقۇرۇش نىزامى) ھەققىدە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاپپاراتى 7 رۇكنىغا (بۆلەككە) قۇرۇلغان. بۇ رۇكنىلار تۆۋەندىكىلاردىن ئىبارەت: خەلىفە - دۆلەت رەئىسى؛ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئۇنىڭ مۇئاۋىنلىرى، ۋالىلار؛ قازىلار؛ قوشۇن (ھەربى)؛ ئىدارە ئىشلار ئاپپاراتى؛ شۇرا مەجلىسى؛ بۇنداق ئاپپارات دائىم مەۋجۇت ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر دەۋرى خەلىپىسىز بولمىغان. ئۇلار پەقەت ھىجرىيىنىڭ 1342- يىلى مىلادىيەنىڭ 1924- يىلى مۇستەملىكىچى كاپىرلار كامال ئاتا تۈركنىڭ قولى بىلەن خەلىفىلىك دۆلىتىنى يوق قىلغاچ خەلىپىسىز قالدى. بۇنىڭدىن ئاۋۋال بولسا، ھەتتا ئەڭ ئەشەددىي چۈشكۈنلۈك ۋە قالاقلىق دەۋرلىرىدىمۇ، بىر خەلىفە كەتسە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئارقىدىن باشقا خەلىفە كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى دائىم مەۋجۇت ئىدى. خەلىفە مەۋجۇت بولسا، دېمەك ئىسلام دۆلىتى مەۋجۇتتۇر. چۈنكى ئىسلام دۆلىتى خەلىفە دېمەكدۇر. مۇئاۋىنلار بارچە ئەسىرلاردا مەۋجۇت بولغان. ئۇلار ۋەزىرلار ئەمەس، مۇئاۋىن ۋە ئىجرا قىلغۇچىلار ئىدى. گەرچە ئابباسىيلار ئەسرىدە



www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى ۋەزىرلار دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەسلىدە ئۇلار مۇئا-
ۋىنلار ئىدى خالاس. دېمۇكراتىك ھاكىمىيەتلەردە مەۋجۇت
بولغىنىدەك ۋەزىرلىك سۈپىتى ئۇلاردا يوق ئىدى. بەلكى
ئۇلار پەقەت مۇئاۋىنلار ۋە ئىجرا قىلغۇچى ھەيئەتلەردىن
ئىبارەت ئىدى. بارچە سالاھىيەت ۋە ھوقۇقلار خەلىپىنىڭ
قولىدا ئىدى. ۋالىلار، قازىلار ۋە ئىدارى ئىشلار ئاپپاراتىنىڭ
مەۋجۇت بولغىنى ھېچقانداق ئىسپات تەلەپ قىلمايدۇ. مۇس-
تەملىكىچى كاپىر مەملىكەتكە باستۇرۇپ كىرگەن پەيتتە
ئۇيەردىكى ئىشلار بىر سۈرئەتتە يۈرگەن ۋە ئۇيەرلەردە ۋالى،
قازىلار، ۋە ئىدارى جاھازى مەۋجۇد ئىدىكى، بۇلار بىرەر
دەلىلگە مۇھتاج ئەمەس. قوشۇن (ھەربىي) بولسا ئىسلامى
قوشۇن ئىدى. پۈتۈن ئالەم زىھنىدە ئىسلام قوشۇنلىرى
ھېچقاچان يېڭىلمەيدۇ، دېگەن پىكىر مۇستەھكەم ئورۇنلە-
شىپ قالغان ئىدى. شۇرا مەجلىسىگە بولسا، خۇلەفائى راشى-
دىنلاردىنكىيىن ئېتىبار بېرىلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇنىڭ-
دىن ئىبارەتكى، شۇرا ئەسلىدە دۆلەت ئاپپاراتلىرىدىن ھېساب-
لانسىمۇ، ھۆكۈمەت ئاساسلىرىدىن بىرى ئەمەس، بەلكى ئۇ
پۇقرالارنىڭ خەلىپە ئالدىدىكى ھوقۇقىدۇر. خەلىپە ئەگەر
كېڭەش قىلىسا كەمچىلىككە يول قويغان بولىدۇ. لېكىن
ھۆكۈمەت ئىسلامىيلىقىچە قالىدۇ. چۈنكى كېڭەش دېمۇكراتىيە-
دىكى خەلق ۋەكىللىرى مەجلىسىدىن پەرقلىق بولۇپ ھۆكۈم
چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت كۆز قاراش ئېلىش ئۈچۈن
چاقىرىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئايان بولىدىكى، ئىسلامدا ھۆكۈمەت
باشقۇرۇش نىزامى تولۇق تەتبىق قىلىنغان ئىدى.



بۇ ئورۇندا خەلىپىگە بەيئەت قىلىش مەسىلىسى مۇبار-
قەتتى دەلىللەردىن مەلۇمكى، خەلىپىلىكتە پادىشاھلىق تو-
زۈمىدە بولغانغا ئوخشاش، ھاكىمىيەتنى - دۆلەت باشلىقى
ئورنىنى - ئېلىش ئۈچۈن ئاساس بولىدىغان مىراس خورلۇق
دۆلەتتە مۇقەررەر قانۇن بولمىغان. بەلكى دۆلەتتە ھاكىمى-
يەتنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مۇقەررەر قانۇن -
بەيئەت ئىدى. بەيئەت بەزى ئەسىرلەردە مۇسۇلمانلاردىن بە-
زى ئەسىرلەردە «ئەھلى ھەل ۋە ئەقد» دىن - يەنى ئۈممەت
ئىچىدىكى ئىشەنچىلىك ۋەنۇپۇزلۇق مۇجتەھىتلار، چوڭ شە-
خسلاردىن ۋە چۈشكۈنلۈك ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرىدا بولسا
شەيخۇل-ئىسلامدىن ئېلىناتتى. ئىسلام دۆلىتى كەچۈرگەن
بارچە ئەسىرلەردە ئەمەلىيەتتە جارى بولغان قانۇن شۇنىڭدىن
ئىبارەت ئىدىكى، قايسى خەلىپە سايلانسۇن پەقەت بەيئەت
بىلەن سايلىناتتى، مىراسخورلۇق يولى بىلەن بەيئەتسىز
مۇتلەق بەلگىلەنگەن ئەمەس. خەلىپە بەيئەتسىز مىراسخور-
لۇق يولى بىلەن بەلگىلەنگىنى ھەققىدە بىرەرمۇ ھادىسە رىۋا-
يەت قىلىنمىغان. لېكىن بەزىدە بەيئەت ئېلىشنى تەتبىق
قىلىشتا خاتالارغا يول قويۇلغان. مەسىلەن بەزى خەلىپىلەر
تىرىكلىكىدە ئۆزىنىڭ ئوغلى ئۈچۈن، ئۆكىسى، جىيەنى ياكى
ئۆز ئائىلىسىدىكى بىرەر شەخس ئۈچۈن ئادەملاردىن بەيئەت
ئېلىپ قويۇپ، خەلىپە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ شە-
خسكە يەنە قايتىدىن بەيئەت قىلىناتتى. بۇ بولسا مىراسخور-
لۇقمۇ، ۋەلى ئەھدىلىكمۇ ئەمەس، بەلكى بەيئەتنى ناتوغرا
تەتبىق قىلىشتۇر. بۇ ھال دېمۇكراتىك تۈزۈملەردە پارلا-

سىنت سايلىمىدىكى سايلام قانۇنىنى ناتوغرا تەتبىق قىلىنىشى
ۋە بۇزۇلىشىغا ئوخشايدۇ. گەرچە سايلامدا ھۆكۈمەت تەئيىن
قىلغان شەخسلەر ئۆتۈپ چىقسىمۇ بۇنداق سايلامنى - تەئيىن
قىلىش ئەمەس - سايلاش دەپ ئاتىلىۋېرىدۇ. يۇقىرىدا سۆز-
لەنگەنلەردىن قىلىنغانلاردىن كۆرىسىزكى، ئىسلام دۆلىتى
كەچۈرگەن بارچە ئەسىرلەردە ئەمەلىيەتتە ئىسلام نىزامىنى
(تۈزۈمىنى) تەتبىق قىلغان ۋە ئىسلام تۈزۈمىدىن باشقا
ھېچقانداق تۈزۈمنى تەتبىق قىلغان ئەمەس.

بۇ مەپكۇرىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى خۇسۇ-
سەن ئىككى ئىشتا تەكىدلىشى يوقتۇر. بىرىنچىدىن: ئىسلام
مەپكۇرىسى ئەرەپ خەلقىنى پۈتۈن ھەممىسىنى ئائىلە قەبىلە-
چىلىك زۇلمەتلىرىدىن، جاھىلىيەت قاراڭغۇلۇقلىرىدا تە-
نىرەپ يۈرگەن تۆۋەن قالاق پىكرى ھالەتتىن ئاڭنىڭ قۇياشى
ئەرەپلەرنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئالەمنى ئۆز ئىچىگە ئال-
غان ئىسلام نۇرى بىلەن جىلۋىلەنگەن پىكرى ئويغىنىش
ئەسىرىگە ئېلىپ چىقتى. مۇسۇلمانلار يەرشارىدا يېيىلىشقا
ئاتلاندى. ئۇلار ئىسلامنى پۈتۈن ئالەمگە ئېلىپ چىقىپ،
پارس، ئىراق، شام ئۆلكىرى، مىسىر ۋە شىمالى ئافرىقى-
نى ئىشغال قىلدى. بۇ خەلقلار ھەر بىرى ئۆزىگە خاس
مىللەت بولۇپ بىرى ئىككىنچىسىگە ئوخشىمايتتى ۋە ھەربى-
رى ئۆزىگە خاس تىلغا ئىگە ئىدى. پارس مەملىكىتىدىكى
پارس مىللىتى شامدىكى رۇملۇقلاردىن، مىسىردىكى قىب-
تىلاردىن ۋە شىمالى ئافرىقىدىكى بەربەرلەردىن پەرىق قىلا-
تى. ئۇلارنىڭ ئادەتلىرى، ئەنئەنىلىرى ۋە دىنلىرىمۇ ھەر-



www.uyghurkitap.com

خىل ئىدى. بۇلارنىڭ بارچىسى ئىسلام [illegible] سايىسى-
دا ياشاپ، ئىسلامنى چۈشىنىشكە باشلاپ [illegible] ئىسلامغا
كىردى ۋە بارچىسى بىر ئۈممەت - ئىسلام ئۈممىتىگە ئايلان-
دى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ خەلق ۋە مىللەتلەرنى بىرلەشتۈ-
رۈشتىكى ئىسلام مەپكۇرىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مىسلىسىز
ئىدى. ھالبۇكى، ئىسلام مەپكۇرىسىنى يەتكۈزۈشتىكى ئالاقە
ۋاستىلىرى تۆگىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، چۈشەندۈرۈش
(دەۋەت قىلىش) ۋاستىلىرى تىل (سۆز) ۋە قەلەملەردىنلا
ئىبارەت ئىدى.

پەتھى ۋە يېڭى مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىش ئىشلىرى
بولسا، كۈچنى كۆچ بىلەن يوق قىلىش ۋە ماددى توساقلارنى
ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن ئىدى. شۇندىلا ئىنسانلار ئەقىل
توغرا دەپ ئىسپاتلاۋاتقان پاكى پىترەت ھىدايەت قىلىۋاتقان
يولغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قەدەم قويالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن-
مۇ ئىنسانلار اللەنىڭ دىنىغا گورۇھ گورۇھ بولۇپ كىرىشكە
باشلىدى. ئىنسانلارغا جەبرى زۇلۇم قىلىدىغان پەتھى (باس-
قۇن) بولسا، پاتىھ بىلەن بېسىۋېلىنغانلار، غالىپ بىلەن
مەغلۇپ ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت قوزغۇتىدۇ، ئۇلارنى بىر-بە-
رىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. غەرب شەرقنى ئون يىللاپ مابەينىدا
مۇستەملىكە قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ ھېچقانداق زەپەر قازى-
نالمايۋاتقىنى كۆزدىن يىراق ئەمەس. ئەگەر تىز ئارىدا يۇ-
ئۇنلەي يوق بولۇپ كېتىدىغان ئازدۇرغۇچى سەقاپەتنىڭ تە-
سىرى ۋە يېقىن كەلگۈسىدە ئىزسىز يوق بولۇپ، بەربات

بولمىغان قورچاق ھاكىمىيەتلەرنىڭ قىستىشى بولمىغان
بولسا ئىدى، ئىسلام قورغىنىغا، ئۇنىڭ مەبدەئ ۋە تۈزۈمىگە
قايتىش كۆزنى يۇمۇپ ئېچىشتىن تېزراق ئەمەلگە ئاشقان
بولاتتى. ماۋزۇغا قايتىپ ئېيتالايمىزكى، ئىسلام مەپكۇرى-
سىنىڭ بۇ خەلقلەرنى بىرلەشتۈردىكى مۇۋەپپەقىيىتى تەڭ-
داشسىز ئىدى. مۇستەملىكىچىلىك نىڭ مۇسىبەتلىرى، ئۇ-
نىڭ ئەقىدە لەرنى بۇلغاپ، پىكىرلارنى زەھەرلەش بارىسىدى-
كى ناپاكلىقى ۋە مەككارلىقى بولىسىمۇ، بۇ خەلقلەر بۈگۈنگى
كۈنگە قەدەر مۇسۇلمان بولۇپ كەلدى ۋە قىيامەتكىچە يىگانە
ئىسلام ئۈممەتى بولۇپ قېلىشى ئېنىق دۇر. ئىسلامنى قوبۇل
قىلغان بۇ خەلقلەرنىڭ بىرەرسى ئىسلامدىن قايتقانلىق ئەھۋا-
لى پۈتۈنلەي يۈز بەرمىگەن.
ئېندىلىس، (ئىسپانىيە) مۇسۇلمانلىرى تەپتىش مەھ-
كىمىلىرى، ئوت كامىرلىرى، ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىنى
تەندىن جۇدا قىلىپ تاشلايدىغان جاللاتلارنىڭ جادۇلىرى يار-
دىمىدە تامامەن يوق قىلىندى. بۇخارا، كاۋكاز ۋە تۈركىس-
تان مۇسۇلمانلىرىنىڭ باشىغا سابىق ئەجداتلىرىنىڭ مۇسى-
بەتلىرى يېغىلدى. بۇ خەلقلەرنىڭ ئىسلامى. ئۇلارنىڭ يىگا-
نە (بىر) ئۈممەتكە ئايلىنىپ كەتكىنى ۋە ئۇز ئەقىدىسىدە بۇ
قەدەر مۇقىملىقى بۇ مەپكۇرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ھەمە
ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىسلام تۈزۈمىنى تەتبىق قىلىشتىكى مۇ-
ۋەپپەقىيىتى دەرىجىسىنى روشەن كۆرسىتىدۇ.
ئىككىنچىدىن: ئىسلام ئۈممىتى 12 ئەسىر: مىلادى-
ئالتىنچى ئەسىردىن ئون سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلى-



رىغا قەدەر پۈتۈن دۇنيادا دۇنيا قاراش، مەدەنىيەت، سەقا-
پەت، ھەمدە ئىلىم پەن، ساھەلىرىدا ئەڭ ئالى ئۈممەت
بولۇپ كەلگەن بولسا، ئىسلام دۆلىتى دۇنيادىكى ئەڭ يۇقۇك
ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى. ئىسلام ئۈممىتى شۇ مۇد-
دەت جەريانىدا پۈتۈن دۇنيا يىگانە ئالەم گۈلى ۋە بارچە
مىللەتلەر ئىچىدە پارلاق قۇياش ئىدى. بۇمۇ ئۇشبۇ مەپكۇرى-
نىڭ ۋە - تۈزۈم ۋە ئەقىدىسىنى ئىنسانلارغا تەتبىق قىلىشىدى-
كى - ئىسلامنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئەكىستلەيدۇ. ئىسلام
دۆلىتى ۋە ئىسلام ئۈممىتى مەپكۇرىنى تارقىتىشتىن يۈز
ئۆرۈپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلىپ، ئىس-
لامنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى تەتبىق قىلىشنى چۈشۈنۈشتە ناھا-
يىتى چوڭ نۇقسانلارغا يول قويغاچقا باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرى-
سىدا ئۇز ئۇزىدىن ئېتىبارسىزلىنىپ قالدى.
يۇقىرىدىكىلارغا ئاساسلىنىپ ئېيتىمىزكى، يالغۇز
ئىسلام مەپكۇرىسىلا ئەڭ توغرا ۋە يارامىلىق دۇر. يالغۇز ئۇلا
پۈتۈن دۇنياغا يېيىلىشقا ھەقلىق دۇر. بۇ مەپكۇرىنى پۈتۈن
ئالەمگە ئېلىپ چىقىدىغان ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلسا ئۇنىڭ
مۇۋەپپەقىيىتى بۈگۈنمۇ، ئۆتمۈشتە بولغانغا ئوخشاش مىسلى-
سىز دەرىجىگە يېتىشى ئېنىق دۇر.
ئىسلام ئۇزىدىن كېلىپ چىقىدىغان قانۇنلاردا ئىنسان
پىترىتىگە تولۇق مۇۋاپىق دۇر دىگەن ئىمدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن-
مۇ ئىسلام ئىنسانىي مەخسۇس تۈزۈلگەن پىروگراممىسا ئاسا-
سىدا ياشايدىغان، تۈزۈمنى ئاپاۋۇتسىز (پەرقىسىز) ئېنىق
كىيومىتىرلىق ئۆلچەملەر بىلەن تەتبىق قىلىدىغان سۇنئى

ۋۇجۇت -ئاپتوماتىك ئۈسكۈنە دەپ، ھېساپلىمايدۇ. بەلكى
ئۇ ئىنساننى كۈچ ۋە خۇسۇسىيەتلىرى تۈرلۈك بولغان ۋۇ-
جۇت سۈپىتىدە تۈزۈمنى تەتبىق قىلىۋاتقان ئىجتىمائى ۋۇ-
جۇت دەپ ھېساپلايدۇ. بىر جەھەتتىن تەبىئىكى ھەممە ئۇ-
چۇن خاتىرجەملىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ھالدا ئادەملەرنى
بىر - بىرىگە يېقىن باھالانسمۇ، ئۇلارغا بىرخىل ئوقتىنى
نەزەردە قارالمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن - بۇ بولسا ھازىر
ئاساسى توختىلىدىغان ناۋزۇ - تەبىئىكى بۇ ئېتىبار بىلەن
بەزىلەر تۈزۈم تەتبىق قىلىنىشىغا رازى بولماي، ئۇنىڭغا
زىت ھەركەتلەرنى قىلىدۇ. بەزىلەر بۇ تۈزۈمنى قوبۇل قىل-
مايدۇ. بەزى كىشىلەر بولسا بۇ تۈزۈمدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ جەمئىيەتتە ئىلاجىسىز پاسىق پاجىرلار
بولىدۇ. ئۇنىڭدا كاپىر ۋە مۇناپىقلار، مۇرتەد ۋە خۇداسىز-
لارمۇ بولىدۇ. لېكىن جەمئىيەتكە پىكىرلار، تۇيغۇلار، قانۇن-
لار ۋە ئادەتلار مەجمۇئەسى سۈپىتىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ.
شۇنىڭغا ئاساسەن جەمئىيەتتە بۇ نەرسىلەر ئىسلامى بولسا،
ئۇنى، ئىسلامنى تەتبىق قىلغان ئىسلام جەمئىيتى دەپ ھېساپ-
لىنىۋېرىدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھېچكىم مۇھەم-
مەد (س ئە ۋ) ئىسلام تۈزۈمىنى تەتبىق قىلغىنىدەك تۈزۈم-
نى تەتبىق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ
ئۇنىڭ (س ئە ۋ) دەۋرىدىمۇ كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار بار ئىدى.
پاسىق ۋە پاجىرلارمۇ مۇرتەد ۋە خۇداسىزلارمۇ بار ئىدى.
لېكىن ھەرقانداق ئادەممۇ ئىلاجىسىز ئۇنى ئىتىراپ قىلىشقا



www.uyghurkitap.com

مەجبۇركى، ئىسلام مۇكەممەل تەتبىق قىلىنغان ۋە جەمئىيەت
ئىسلامى بولغان. لېكىن تۈزۈم سۈنئى ۋۇجۇتقا ئەمەس،
بەلكى ئىجتىمائى ۋۇجۇت بولغان ئىنسانغا تەتبىق قىلىنغان.
مۇھەممەد (س ئە ۋ) مەدىنىدە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن،
ئامۇستەملىكىچى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلكىلىرىنى بېسىۋېلىپ
ئىسلام تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ئورناتقانغا
قەدەر ئۆتكەن دەۋرلەردە - ئەرەپمۇ ياكى ئەرەپ ئەمەسمۇ-
ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بارچىسىغا يالغۇز ئىسلاملا تەتبىق قى-
لىنىپ كېلىنگەن.

بۇنىڭغا بىنائەن خۇلاسە قىلىش مۇمكىنكى، ھىجرەت-
نىڭ بىرىنچى يىلىدىن باشلاپ، ھىجرىيىنىڭ 1336- يىلى
مىلادىيىنىڭ 1918- يىلىغا قەدەر ئەمەلدە ئىسلام تەتبىق
قىلىنغان. ئىسلام ئۈممىتى بۇ مۇددەت داۋامىدا ئىسلامدىن
باشقا ھېچقانداق تۈزۈمنى تەتبىق قىلغان ئەمەس.

ھەتتا مۇسۇلمانلار خىلمۇ-خىل ئەجنەبى پەلسەپە، ئىلىم
- پەن ۋە ساقاپەتلەرنى ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولسى-
مۇ- ئەمەل قىلىش ئۈچۈنمۇ ۋە شۇنچىلىك ئۆگىنىش ئۈچۈن-
مۇ- ھېچقايسى مىللەتنىڭ قانۇنچىلىقىنى، قانۇنىنى ياكى
تۈزۈمىنى مۇتلەق تەرجىمە قىلمىغان ئىدى. بىراق ئىنسانلار
ئىسلامنى - تۈزۈم سۈپىتىدە - ياخشى ياكى يامان تەتبىق
قىلغان ئىدى. بۇ بولسا دۆلەتنىڭ كۈچلۈك ياكى زەئىپلىقى-
غا، تۈزۈمنى چوڭقۇر چۈشىنىش ياكى چۈشۈنەمسلىككە،
مەپكۇرىنى يېيىش دىكى كۈچ ياكى ئۇنىڭدىكى يول قويۇلغان
نۇقسانلارغا تەۋەدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەزى ئەسىرلەردە

ئىسلامنى تەتبىق قىلىنىشىدىكى نۇقسانلار ئىسلام جەمئىيىتىنى ئۆزىگە مۇناسىپ ماقامدىن چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى. بۇنداق چۈشكۈنلۈكتىن ھېچقانداق تۈزۈم خالى ئەمەس. چۈنكى تۈزۈم تەتبىق قىلىنىشىدا ئادەم پەرزەنتلىرىگە تايىنىدۇ. لېكىن تەتبىق نىڭ بوزۇلىشى ئىسلام تەتبىق قىلىنمىغان، دېگەن پىكىرنى ئاڭلاتمايدۇ. بەلكى ئېنىقكى، ئىسلام تەتبىق قىلىنغان ۋە باشقا مەبدەئ ۋە تۈزۈملەر ئەسلا تەتبىق قىلىنمىغان. چۈنكى تەتبىقتا ئاساسەن دۆلەت ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان قانۇنلار ۋە تۈزۈملەرگە ئېتىبار بېرىلىدۇ. ئىسلام دۆلىتى بولسا بىرەر قانۇنىنى ئىسلامدىن باشقا تۈزۈملەردىن ئالغان ئەمەس. يول قويۇلغان نۇقسانلار پەقەت بەزى ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن ئىسلامنىڭ بەزى قانۇنلىرىنى ناتوغرا تەتبىق قىلىنىشىدىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا دائىم ئېنىق ۋە روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرۇشى لازىمدۇركى، تارىختىن ئىسلام تەتبىقىنى تەكشۈرسەك ئىككى نەرسىنى مۇلاھىزە قىلىشىمىز زۆرۈر.

بىرىنچىدىن، بۇ تارىخنى ئىسلام دۈشمەنلىرى، ئۇنى كۆرەلمەيدىغانلاردىن ئالماسلىقىمىز ۋە ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىدىنمۇ غايەت ئىنچىكىلەپ ۋە تەھقىق بىلەن ئېلىشىمىز زۆرۈر. شۇندىلا، ئۇلاردىن بوزۇلغان سۈرەتنى ئېلىپ قويمايمىز. ئىككىنچىدىن ئايرىم شەخسلار تارىخىدىكى ۋەقە جەمئىيەتنىڭ ئايرىم ساھەسى تەرىقىتىدىكى ھادىسەلەرنى جەمئىيەتكە ئۇمۇمىي قىياس قىلىش ئۇسلۇبىدا ھۆكۈم چىقىرىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، بەزىدە تارىختىن ئۇمەۋىلار



ئەسىرنى ياكى ئايرىم ئابباسى خەلىپىلىرى تارىخىدىكى ھادىسىلاردىن ئابباسىلار ئەسىرىنى ئۆگىنىپ ئۇمۇمىي ھۆكۈم چىقىرىش خاتا دۇر. شۇنىڭدەك، كۆلدۇرگە، شائىرلار، ئەدىپلار ھەققىدە يېزىلغان كىتاب -«كىتابۇل ئاغانى»، نى ياكى نەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىتابلارنى ئوقۇپ ئابباسىلار ئەسىرىدىكى جەمئىيەتكە بۇ ئەسىر پىسىق ۋە بۇجۇر ياكى زاھىتلىق ۋە ئۆزلەت ئەسىرى ئىكەن، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشىمىز جائىز ئەمەس. بەلكى جەمئىيەتنى پۈتۈنىچە ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تارىخى ھېچقانداق ئەسىردە يېزىلغان ئەمەس. يېزىلغانلىرى بولسا بەزى ھۆكۈمدارلارنىڭ ياكى بەزى ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدارلارنىڭ تارىخىدىن ئىبارەت. بۇنى يازغانلار بولسا ئىشەنچلىك شەخسلار ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماختاپ ياكى قارلاپ يازغان ئىدى. بۇ ئىككى ئاتېپنىڭ ھېچ بىرىدىن بىرەر سۆزنىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئىسلام جەمئىيىتىنى شۇ ئاساسدا، يەنى بارلىق جەھەتلىرى بىلەن ئىنچىكىلەپ ۋە تەھقىق قىلىپ ئۆگەنسەك، بۇنىڭ ئەڭ ئەزىز جەمئىيەت بولغانلىقىنى بىلىۋالىمىز. چۈنكى ئۇ ھىجرىيەنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچۈنچى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىرلاردىمۇ كېيىنكى ھىجرىيىنىڭ ئون ئىككىنچى ئەسىرلىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا قەدەر ئەنە شۇنداق گۈزەل جەمئىيەت بولغان ئىدى. ئىسلام جەمئىيىتى كەچۈرگەن بارچە ئەسىرلەر داۋامىدا. ھەتتا ئوسمانىلار دۆلىتىدىن كېيىنكى پەيتلەرگە قەدەر. ئىسلام دۆلىتى سۇيىتىدە. ئىسلامنى تەتبىق

قىلغان ئىدى. مۇلاھىزە قىلىنىشى لازىمكى، تارىخ ئەسلا تۈزۈم ياكى پىقھى (قانۇن) نىڭ مەنبەسى دەپ ئېتىبار قىلىنماسلىقى زۆرۈر. بەلكى تۈزۈم تارىختىن ئەمەس، ئۆزىنىڭ پىقھى مەنبەلىرىدىن ئېلىنىدۇ. چۈنكى تارىخ تۈزۈمگە مەنبە بولالمايدۇ. مەسىلەن، كوممۇنىستىك تۈزۈمنى چۈشەنمەكچى بولساق، ئۇنى رۇسىيەنىڭ تارىخىدىن ئەمەس، بەلكى كوممۇنىستىك مەبدەئ كىتابلىرىدىن ئۆگىنىمىز. ئىنگلىز قانۇنچىلىقى بىلەن تونۇشماقچى بولساق، ئۇنى ئەنگلىيەنىڭ تارىخىدىن ئەمەس، بەلكى ئىنگلىس قانۇنچىلىقى ئاساسلىرىدىن ئالىمىز. بۇ بولسا ھەرقانداق تۈزۈم ياكى قانۇنچىلىققا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئىسلام ئالاھىدە مەبدەئ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئەقىدىسى ۋە تۈزىمى مەۋجۇد. ئۇنى ئۆگەنمەكچى ياكى قوبۇل قىلماقچى بولساق - ئۆگىنىش ۋەيا ئۇنىڭ قانۇنلىرىنى ئېشلەپ چىقىشتا - مۇتلەق تارىخنى ئۇنىڭ مەنبەسى قىلماسلىقىمىز لازىم.

ئىسلامنى ئۆگىنىش مەنبەئى ئىسلام پىقھى قانۇنچىلىقىنىڭ كىتابلىرىدۇر. ئىسلام قانۇنلىرىنى ئىشلەپ چىقىش مەنبەئى بولسا، بۇ قانۇنلارنىڭ تەپسىلى دەلىل ۋە ھۆججەتلەردىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ - ئۆگىنىش ۋە دەلىل قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ - تارىخنى ئىسلام نىزامىغا مەنبە قىلىۋېلىش توغرا بولمايدۇ. بۇ ئاساستا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، ھارۇنۇررەشىت ۋە باشقىلارنىڭ تارىخى - ئۇلار ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان تارىخى



ھادىسىلەرمۇ، ئۇلارنىڭ تارىخى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلاردىمۇ، شەرىئەت ھۆكۈملىرى ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىنىدىغان ئاساس دەپ ئېتىبار قىلىنىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر مۇئەييەن ھادىسىدە ئۆمەرنىڭ رەئيىگە ئىتائەت قىلىنىدىغان بولسا - ئەبۇھەنىفە، جەئفەر ۋە بۇلارغا ئوخشاش مۇجتەھىتلار ئىشلەپ چىققان ھۆكۈمگە ئىتائەت قىلىنغانغا ئوخشاش - ئۆمەر ئىشلەپ چىقىپ، تەتبىق قىلغان شەرىئەت ھۆكمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ رەئيىنى تارىخى ھادىسە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، تۈزۈمنى ئېلىشتا ۋە ئۆگىنىشتە تارىخقا ئورۇن يوق. بۇنىڭ ئۈستىگە تۈزۈمنىڭ تەتبىق قىلىنغىنى ياكى تەتبىق قىلىنمىغىنىمۇ تارىختىن بىلىنمەيدۇ، بەلكى پىقھى (قانۇن شۇناسلىق) دىن ئېلىنىدۇ. چۈنكى ھەربىر ئەسىرنىڭ ئۆزىگە خاس مۇئامىلىرى بولۇپ، بۇ مۇئامىلىلار نىزام ياردىمىدە ھەل قىلىنىدۇ. مۇئامىلار مۇئالىجىسى ئۈچۈن ئاساس قىلىۋېلىنغان تۈزۈمنى بىلىش ئۈچۈن بولسا بىز تارىخ ھادىسلىرىغا مۇراجىئەت قىلماي - چۈنكى تارىخ خەۋەرلىرى بىزگە ئۆزىگە خاس شەرت شارائىتلاردا نەقىل قىلىنغان - بەلكى تەتبىق قىلىنغان تۈزۈمنىڭ ئۆزىگە، يەنى ئىسلام پىقھىسىگە مۇراجىئەت قىلىشىمىز زۆرۈر. ئىسلام فىقھىسىگە مۇراجىئەت قىلساق ئاداقتا مۇسۇلمانلار باشقىلاردىن ئۆزلەشتۈرىۋالغان ياكى ئۆزلىرى تەربىيەدىن ئويلاپ تېپىپ كىرگۈزۈلگەن ھېچقانداق قانۇننى ئۇچراتمايمىز. بەلكى ئىسلام فىقھىسى پۈتۈن ھالدا شەرئى دەلىللەردىن ئىستىنبات قىلىنغان (ئىشلەپ چىقىرىل-

خان) شەرئى ھۆكۈملاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدىن خاتىرجەم
بولمىسىز. مۇسۇلمانلار فىقھىسىنى تۆرلۈك زېھنىي پىكىرلەر
يەنى زېھنىي ئىستىنبات (قانۇن ئىشلەپ چىقىرىش) لاردىن
تازىلاشقا قاتتىق ئەھمىيەت بېرەتتى. ھەتتاكى مۇجتەھىد
مۇتلەق تەرىپىدىن بىلدۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئاساسى كۈچلۈك
بولمىغان زېھنىي پىكىرلارغا ئەمەل قىلىشنى مەنئى قىلاتتى.

شۇنىڭدىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممىسىدە ئىسلام فىق-
ھىسىدىن باشقا بىرەرمۇ قانۇنى ھۆججەتلەر مەۋجۇت ئەمەس،
بەلكى پەقەت ئىسلام فىقھىسىلا مەۋجۇت ئىدى. بىر ئۈممەتتە
باشقا قانۇنچىلىق ھۆججەتلىرى تېپىلماي، پەقەت مۇئەييەن
بىر فىقھى ھۆججەتلىرىلا مەۋجۇت بولىشى، بۇ ئۈممەت ئۆزى-
نىڭ قانۇنچىلىقىدا شۇ مۇئەييەن فىقھى ھۆججەتلىرىدىن باش-
قىسىدىن پايدىلانمىغانلىقىغا دەلىل دۇر.

ئەگەر تارىخقا ئىتىبارنى قارىتىش جائىز بولسا، ئۇنىڭ-
دىن پەقەت قانداق تەتبىق قىلىنغانلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن-
لا پايدىلىنىش مۇمكىن. تارىخ سىياسى ھادىسىلارنى قەيد
قىلىدۇ: بۇ ھادىسىلەردە تەتبىق قىلىشنىڭ قانداقلىقى كۆ-
رۈلىدۇ، لېكىن، بۇنىمۇ پەقەت مۇسۇلمانلاردىن غايەت ئىن-
چىكىلەپ ۋە تەھقىق بىلەنلا ئېلىشىمىز مۇمكىن. تارىخنىڭ
مەنبەلىرى ئۈچتۇر: 1-تارىخ كىتاپلىرى 2-يادىكارلىق ئابىدە-
لىرى. 3-رىۋايەت.

تارىخ كىتاپلىرىنى مەنبە سۈپىتىدە ئېلىش مۇتلەق نا-
توغرا دۇر. چۈنكى ئۇلار بارچە ئەسىرلاردا سىياسى شارائىت-
لارغا تەۋە ۋە ئۆز زامانىسىدا يېزىلغان ھۆكۈمدار تەرىپىدىن



تۇرۇپ، يانە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زاماندا ئۇنىڭغا قارشى
يېزىلغان يالغانلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. مىسىردىكى ئەلەۋى-
لەر سۇلالەسىنىڭ تارىخى بۇنىڭغا ئەڭ يېقىن دەلىلدۇر.
چۈنكى بۇ سۇلالىنىڭ تارىخى مىلادىيە 1952-يىلدىن ئىلگىرى
ناھايىتى گۈزەل ۋە پارلاق سۈرەتكە ئىگە بولغان. 1952-
يىلىدىن كېيىن تارىخ ئىلگىرىكىدىن كەسكىن پەرق قىلىندى-
غان قارا بوياقلاردا سىزىلغان سۈرەتلەرگە ئايلاندى. بىزنىڭ
ئەسىرىمىزدىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئاۋالقى سىياسى ھادىسىلەر
تارىخىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ-
ھەتتا ئايرىم شەخسلار تەرىپىدىن پۈتۈلگەن كۈندىلىك خاتى-
رىسى بولسىمۇ. تارىخى كىتاپلارنى تارىخ ئۈچۈن مەنبە
سۈپىتىدە ئېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

تارىخى ئابىدىلەر، يادىكارلىقلار بولسا، ئەگەر پاكىزە
نىيەت بىلەن ئۆگۈنۈلىدىغان بولسا مۇئەييەن نەرسە ھەققىدىكى
تارىخى ھەقىقەتنى بېرىشى مۇمكىن. ئۇلار تارىخ زەنجىرىنى
شەكىللەندۈرەلمىسىمۇ، بىراق بەزى ئەھۋاللارنى ئىسپاتلاپ
ئۇنىڭغا دالالەت قىلالايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىدىكى
ئۇلارنىڭ ئابىدىلىرىنى - بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بىنالىرى، بو-
يۇملىرى ياكى ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان تارىخى يادىكارلىق
دەپ ئىتىبار قىلىنىدىغان ھەرقانداق نەرسىلىرى بارۋەر
دۇركى - ئىنچىكىلەپ ئۆگۈنۈپ كۆرگەن ئادەم قەتئى ئىشەنچ
ھاسىل قىلىدۇكى، ئىسلام دۇنياسىدا پەقەت ئىسلام، ئىس-
لامنىڭ نىزامى ۋە ئىسلام ھۆكۈملىرىلا مەۋجۇت بولغان.
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ھاياتى ۋە ھەركەتلىرى ئىسلامغا خاس

بولۇپ، ئەسلا ئۆزگىچە بولمىغان.

ئۈچۈنچى: مەنبە. رىۋايەت بولسا، ئەگەر شەرتلىرى بىجىرىلگەن توغرا رىۋايەت بولسا، ئاينىش مۇمكىن بولغان ھەقىقى مەنبەلەردىن ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭدا ھەدىسلارنى رىۋايەت قىلىشتا ئۇتۇلغان يول تاللىنىدۇ ۋە شۇ ئۇسلۇبدا تارىخ يېزىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇسۇلمانلار تارىخ كىتاپلىرىنى يېزىشقا باشلىغانلاردا رىۋايەت يولىدا يۈرگەنلىرىنى كۆرەمىز. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «تارىخى تەبەرى»، «سىيرەتى ئىبنى ھىشام» ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش تارىخنىڭ قەدىمقى كىتاپلىرىنى شۇ ئۇسلۇبدا يېزىلغىنىنى كۆرىمىز. شۇنىڭغا بىنائەن، مۇسۇلمانلار ئۆزپەرزەنتلىرىغا تارىخلىرىنى مەنبەلىرى ئۆزىگە ئوخشاش كىتاپلاردىن ئىبارەت بولغان، تارىخ كىتاپلاردىن ئۆگۈتىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئىسلام تۈزۈمىنىڭ تەتبىق قىلىنىشىنى تەكشۈرۈشمۇ بۇنداق تارىختىن ئىبلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا ئىسلام ئۈممىتىگە يالغۇز ئىسلامىلا تەتبىق قىلىنىپ بارچە ئەسىرلەردە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق قانۇن تەتبىق قىلىنمىغانلىقى ئايان بولىدۇ.

بىراق، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئىتتىپاقداشلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن يەكۈنلىنىپ ھۇجۇمنىڭ باش قوماندانى لورد-ئەللەنبى بەيتۇل مۇقەددەسنى ئىشغال قىلغاچ: «مانا ئەمدى سېلىبچىلار ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى»، — دەپ ئېلان قىلغاچ، خۇددى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، قولغا كىرگۈزگەن غەلىبىسىنى مەڭگۈ زەپەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇستەملىكىچى كاپىرلار ھاياتنىڭ بارچە ساھەلىرىدا بىزگە ئۆزىنىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈمىنى تەتبىق قىلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۇرتىمىزدا مۇستەملىكىچىلارنىڭ مۇستەھكەم [illegible] سەۋەبچى بولىۋاتقان، بۇ چىرىك ۋە بۇزغۇنچى تۈزۈم[illegible] ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي . ئايرىم كۆرۈنۈشلىرىنى[illegible] پەسەل رەۋىشتە. يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىشىمىز زۆرۈر. ئەنە شۇۋاقىتتا ئىسلام ھاياتىنى قايتىدىن باشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز.

ئۆز تۈزۈمىمىز ئورنىغا باشقا تۈزۈمنى قوللىنىشىمىز پىكىر قىلىشنىڭ يۈزەكىلىكىدىن دۇر. ئەگەر ئۈممەت ئەقىدىنى قويۇپ تۈزۈمنىڭ ئۆزىنى تەتبىق قىلىسىمۇ تۈزۈم ئۇنى خالاس قىلالايدۇ دەپ، گۇمان قىلىشىمىزمۇ پىكىرنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئەسلىدە، ئاۋۋال ئۈممەت ئەقىدىنى قوبۇل قىلىپ، كېيىن بۇ ئەقىدىدىن كېلىپ چىقىدىغان تۈزۈمنى تەتبىق قىلىشى لازىم. ئەنە شۇندىلا تۈزۈمنىڭ تەتبىقى ۋە ئەقىدىگە بولغان ئېتىقاد نىجاتكار بولالايدۇ. بۇ بولسا مەبدەئگە ئاساسلانغان، دۆلەتنىمۇ شۇ ئاساسقا قۇرۇلىدىغان ئۈممەتكە تەئەللۇق دۇر. باشقا خەلقلەر ۋە مىللەتلەرگە نىسبەتەن بولسا، ئۇلارغا مەبدەئنى تەتبىق قىلىنىشىدا مەبدەئنى ئېتىقاد سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشلىرىغا زۆرۈرەت يوق. بەلكى مەبدەئنى ئېتىقاد سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىدىغان ئۈممەت ھەرقانداق خەلق ۋە مىللەتكە . گەرچە مەبدەئنى ئېتىقاد سۈپىتىدە قوبۇل قىلمىسىمۇ -ئۇنى تەتبىق قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى مەبدەئ ئۇلارنىمۇ ئويغىنىشقا تامامەن يېتەكلەپ، ئاقىبەتتە ئۆزىدىكى



www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە قارىتىش ئىقتىدارى بىلەن ئۇنى ئېتىقاد سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا جەلپ قىلىدۇ. مەبدەئ تەتبىق قىلىنىۋاتقان شەخسلەر ئۈچۈن ئۇنى قوبۇل قىلىش شەرت ئەمەس، بەلكى مەبدەئنىڭ ئېتىقاد سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى ئۇنى تەتبىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئاساسى شەرتتۇر.

مىللەتچىلىك ۋە سوتسىيالىزم نىزامىنى ئېلىشىمۇ بىز ئۈچۈن خەتەرلىكتۇر. چۈنكى ئۇنى ماددىلىق پىكرىتىدىن ئاجرىتىپ ئالغىلى بولمايدۇ. بۇ ھالدا ئۇ ھېچقانداق مىۋە بەرمەيدۇ ۋە ھېچقانداق تەسىركىمۇ ئىگە بولمايدۇ. ئۇنى ماددى پىكرىتى بىلەن بىللىمۇ ئالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسان پىترىتىگە ماس كەلمەيدىغان ۋە ئىسلام ئۈممىتىدىن ئىسلام ئەقىدىسىنى تاشلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدىغان سەلبى مەپكۇرەدۇر. سوتسىيالىزمنى ئېلىپ، ئىسلامنىڭ روھى جەھەتىنى ساقلاپ قېلىشىمىزمۇ ناتوغرادۇر. چۈنكى بۇ ھالدا ھەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيىتى ۋە ئېلىنىۋاتقان تۈزۈمنىڭ نوقسانىغا ئىگە بولغانلىقى سەۋەبىدىن بىز ئىسلام-نىمۇ ۋە سوتسىيالىزمنىمۇ ئالمىغان بولىمىز. بىز ئىسلام نىزامىنى ئېلىپ، بۇ نىزامنىڭ ئاساسى بولغان ئىسلام ئەقى-دىسىنى تەركى قىلىشىمىزمۇ جائىز ئەمەس. چۈنكى بۇ ھالدا بىز روھى يوق ئۆلۈك نىزامنى ئالغان بولىمىز. بىز ئىسلام-نى ئالساق ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى ۋە تۈزۈمىنى بىرلىكتە، بىر پۈتۈن ھالدا ئېلىپ، ئۇنىڭ دەۋىتىنى مەيدانغا ئېلىپ چىق-قان چاغدا مەپكۇرىسىنىمۇ يېيىشىمىز لازىم دۇر.

دېمەك ئويغىنىش ئۈچۈن يىگانە يولىمىز مەۋجۇت. ئۇ



بولسىمۇ ئىسلام ھاياتىنى قايتىدىن باشلاش. ئىسلام دۆلىتى-سىز بولسا، ئىسلام ھاياتىنى قايتىدىن باشلاشقا يول يوق. ئەگەر بىز ئەڭ ئاساسى مۇئەممانى ھەل قىلىپ بېرىدىغان، ھاياتتىكى نۇقتىنى نەزەرنىڭ مەزكۇر ۋەزىپىسىنى بېجىرىش-تىكى ئەقىدە سۈپىتىدە: ئىلاھى اللەنىڭ كىتابى ۋە رەسۇل-نىڭ سۈننەتىدىن، سەقاپى بايلىقى ئىسلام سەقاپىتىدىن - جۈملىدىن: فىقھە، ھەدىس، تەپسىر، تىل شۇناسلىق ۋە باشقىلاردىن - ئىبارەت بولغان ئەنە شۇ ئەقىدىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان تۈزۈم سۈپىتىدە ئىسلامنى بىر پۈتۈن ھالەتتە بىر-خىل رەۋىشتە ئالمايدىكەنمىز ئىسلام دۆلىتى سايىسىدا ئىسلام ھاياتىنى قايتىدىن باشلاشقا يول يوق. بۇنىڭغا يول يوق ئەگەر ئىسلام مەپكۇرىسىنى - ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، بارچە ماكان-دا ئىسلامنى مۇكەممەل ھالىتى بويىچە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش يولى بىلەن - بىر پۈتۈن ھالدا مەيدانغا ئېلىپ چىقالمىساق ! قاچانكى، ئىسلام مەپكۇرىسى ئۈممەتنىڭ بارچىسىغا، ئۇ-نىڭدىن ئىسلام دۆلىتىگە يېتىپ بارسا، شۇ ۋاقىتتا بۇ مەپكۇ-رىنى پۈتۈن ئالەمگە ئېلىپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولىمىز.

ئىسلام ھاياتىنى قايتىدىن باشلاش مەخسىتىدە ئىسلام [illegible] يېتەكچىلىكىنى مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئىسلام دۆلىتى ياردىمىدە بارچە ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش - مانا شۇ ئويغىنىشنىڭ يىگانە يولىدۇر.

# ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش كەيپىيىتى

مۇسۇلمانلار ئۆز دىنلىرىنى مەھكەم تۇتقانلىقى ئۈچۈن دۇنيا كارۋانلىرىنىڭ ئارقىدا قالمىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ قالاقلىقى ئىدىنەن شۇ مەھكەم تۇتۇشنى تەركى قىلىپ، ئۇنىڭغا بىپەرۋا مۇناسىۋەتتە بولۇشقا باشلىغان، دىيارلىرىغا ئەجنەبىلەر ھەزارىتىنىڭ (دۇنيا قارىشى) نىڭ كىرىپ كېلىشىگە، زېھىنلىرىنى غەربلىكلەرنىڭ چۈشەنچىلىرى ئىشغال قىلىۋېلىشقا ئىمكانىيەت بەرگەن كۈنلىرىدىن باشلاندى. ئۇلارنىڭ قالاقلىقى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ، ھورۇنلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ قانۇنلىرىنى تەتبىق قىلىشنى بۇزۇپ، ئۇنىڭدىكى مەپكۇرەدىن ئاجرىلىپ قالغان كۈندىن باشلاندى. ئەمدى ئۇلارغا ئويغىنىش نېمىتى مۇيەسسەر بولۇشى ئۈچۈن ئىسلام ھاياتىنى قايتىدىن باشلىشى زۆرۈر دۇر. ئۇلار ئىسلام مەپكۇرىسىنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىش يولى بىلەن ئىسلام دەۋىتىنى يايمايدىكەن، بۇ دەۋەت ۋاستىسىدا ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش بىلەن مەپكۇرىنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىدىغان ئىسلام دۆلىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەيدىكەن، ئىسلام ھاياتىنى ھەرگىز قايتىدىن باشلىيالمايدۇ.

كۆز ئالدىمىزدا يارقىن نامايەن بولۇپ تۇرۇۋشى لازىم دۇركى، مۇسۇلمانلارنى ئويغىنىش تەرەپكە يېتەكلەش ئۈچۈن



ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش ئارقىلىق مەپكۇرىنى يېيىش شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ زۆرۈركى، يالغۇز ئىسلامنىلا دۇنيانى ئىسلاھ قىلىدۇ. ھەقىقى ئويغىنىش بولسا - خاس مۇسۇلمانلاردا، خاس باشقىلاردا بولسۇن - پەقەت ئىسلام بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىسلام دەۋىتى مانا شۇ ئاساستا يېيىلىشى كېرەك.

بۇ دەۋەتنى ئۆزىدىن تىزىملار ئۆرغۇپ چىقىدىغان مەپكۇرە سۈپىتىدە ئالەمگە يېيىشقا ئىنتىلىش زۆرۈر. بارلىق پىكىرلەر ئەنە شۇ مەپكۇرە ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. بۇ پىكىرلاردىن بولسا - ھېچقانداق ئىستىسناسىز - ھاياتتىكى نۇقتىنى نەزەرگە تەسىر قىلىدىغان بارلىق چۈشەنچىلەر ئۆرغۇپ چىقىدۇ. ئىسلام دەۋىتىنى بۈگۈنمۇ ئاۋۋال قانداق يېيىلگەن بولسا ھېلىمۇ شۇنداق يېيىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) بولىدىن: ئۇمۇمى قائىدىلەردىمۇ جۈزئى ئىشلاردىمۇ، ئاشۇ تەرىقەتتىن زەررىچە ئېغىشماي ئىسلام دەۋىتىنى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىشتا ئەسىرلەر ئۆزگەرگىنىنى ھېچقانداق ھېساپقا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئاساسەن ۋاستىلەر ۋە شەكىللەرگە ئۆزگەرگەن. ئەمما ماھىيەت ۋە مەنا شۇبويۇنچە ھەرگىز ئۆزگەرگەن ئەمەس قانچە ئەسىرلار ئۆتسىمۇ، ھەرقانچە خەلقلەر ۋە دىيارلار ئۆزگەرسىمۇ، ماھىيەت ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ.

شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش ئوچۇق ئاشكارا بايان قىلىشنى، جۈرئەت، قابىلىيەت، قادىرلىق، پىكىرنى، پىكرەت ۋە تەرىقەتكە زىت بولغان ھەرقانداق يۆنىلىشلەرنى، بەھسىگە چاقىرىشنى، نەتىجە ۋە ۋەزىيەتلەردىن كۆز يۇمۇپ

ئۇلارنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن، يۈزمۇيۈز كۆرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش - خەلق ئاممىسىغا مۇۋاپىق كېلەمدۇ ياكى ئۇلارغا مۇۋاپىق كەلمەمدۇ، ئادەملارنىڭ ئادەتلىرىگە توغرا كېلەمدۇ ياكى كەلمەمدۇ. ئادەملەر ئۇنى قوبۇل قىلامدۇ ياكى قول شىلتىپ ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلامدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قەتئىي نەزەر - خوجايىنلىق پەقەت ئىسلام مەبدىئىنىڭكى بولىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، دەئۋەت يايغۇچى خەلققە تىل ياغلىمىلىق قىلمايدۇ، ھەم يېلىنمايدۇ، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلارغا ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىپ چىرايلىق كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، تەقلىدلىرىغا ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئادەملار ئۇنى قوبۇل قىلامدۇ ياكى ئۇنىڭغا قول سىلكەمدۇ، ئۇنى ھېسابقا ئالمايدۇ. بەلكى پەقەت مەبدەئنىلا مەھكەم تۇتىدۇ. مەبدەئدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ھېسابقا ئالماي، يالغۇز ئۇنىلا ئوچۇق بايان قىلىدۇ. باشقا مەبدەئلەر ۋەكىللىرىگە ئۆز مەبدەئلىرىڭىزدا قېپقېلىڭلار دېيىلمەيدۇ. بەلكى، مەبدەئنى قوبۇل قىلىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى مەجبۇر قىلمىغان ھالدا بۇ مەبدەئگە دەئۋەت قىلىنىدۇ، چۈنكى دەئۋەت ئىسلام مەبدىئىدىن ئۆزگە مەبدەئ بولماسلىقىنى، خوجايىنلىق پەقەت ئۇنىڭغا بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

(هوالذى ارسل رسوله بالهدى ودين الحق ليظهره على الدين كله ولو كره المشركون)

— « الله ھەق دىن (ئىسلام) نى بارلىق دىنلاردىن



ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۈستۈن بولۇشىنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ». 9:33

رەسۇلۇللا (س ئە ۋ) ھەممىنى پىكرى بەھسكە چاقىرىپ، مەخپىيەتنى ئاشكارا بايان قىلىپ، ئۆزى دەئۋەت قىلىۋاتقان ھەقىقەتكە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا ئۆز رىسالىتىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ پۈتۈن دۇنيانى بەھسكە چاقىرىپ، ئادەملارنىڭ قىزىلى بولامدۇ ۋە قارىسى بولامدۇ ھەممىسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئۆرپ ئادەتلەر، تەقلىدلار، دىنلار، ئېتىقاتلار، ھۆكۈمدارلار، ياكى ئاددى خەلقلار بىلەن ھېسابلاشماي، ئىسلام رىسالىتىدىن باشقا ھېچ نەرسىگە قايرىلىپ قارىمايتتى. ئۇ، دەئۋەتنى قۇرەيش دىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى زىكرى قىلىپ، ئەيىبىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئېتىقادلىرى توغرىسىدا بەھسكە چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىكلىرىنى پاش قىلدى. ھالبۇكى، ئۇ بىر چەتتىكى ئاددى ئىنسان بولۇپ، ئۆزى دەئۋەت قىلىۋاتقان ئىسلامغا بولغان چوڭقۇر ئىشەنچىسىن باشقا قورالى، تەييارلىقى ۋە مەدەتكارى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەرەبلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە، تەقلىدلىرىگە، دىنلىرى ۋە ئېتىقادلىرىغىمۇ ئېتىبار بەرمىدى، بۇ ھەقتە ئۇلارغا چىرايلىق كۆرۈنۈشكە ھەركەت قىلمىدى. ئۇلارغىمۇ رىئايە قىلمىدى.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام دەۋىتىنى يايغۇچى ھەممىنى بەھسكە چاقىرىپ، مەخپىيەتنى ئاشكارا بايان قى-

لىدۇ. ئۇرپ - ئادەتلەرنى تەقلىدلەرنى، چىرىك پىكىرلەرنى
ۋە ناتوغرا چۈشەنچىلەرنى، ھەتتا ناتوغرا بولسا - بارچە ئۇ-
نىڭغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانسىمۇ - ئەپكارى ئاممىمىنىمۇ
بەھسىگە چاقىرىدۇ. باشقا ئېتىقاد ۋە دىنلار ۋەكىللىرىنىڭ
مۇتەئەسسىپلىكىگە، ئۇ دىنلارنىڭ زالالىتىدە قېتىپ قالغان-
لارنىڭ ئۆچلۈك - ئىنتىقاملىرىغا گىرىپتار بولسىمۇ ئاشۇ
ئېتىقادلار ۋە دىنلارنىڭ بارچىسىنى بەھسىگە چاقىرىدۇ.
ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش، ئىسلام ئەھكاملىرى مۇكەم-
مەل ئىجرا قىلىنىشىغا ئىنتىلىشنى ھەمدە - ھەرقانچە كى-
چىك ۋە ئەرزىمەس بولۇپ كۆرۈنسىمۇ - بىرەر ئىشتا بىپەر-
ۋالىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. دەۋەتنى يايغۇچى تىل
ياغلىمىلىق، بىپەرۋالىق، ياكى سۇسلۇق، ۋاقىتنى سوزۇپ
ئولتۇرۇشقا رازى بولمايدۇ. بەلكى ئىشنى تولۇق قولغا ئې-
لىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي قويماي ئورنىدا ھەل قىلى-
دۇ ۋە ھەقىقەت ئالدىدا ھېچقانداق شەپائەتچىلارنى قوبۇل
قىلمايدۇ. رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) سەقىپ قەبىلىسى ئەلچى-
لىرىدىن ئۇلارنىڭ بۇتلىرى لاتنى ئۈچ يىل سۇندۇرماي تۇ-
رۇش ۋە ئىسلامغا كىرىش بارابىرىگە ئۇلارنى نامازدىن ئازات
قىلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. كېيىن ئۇلار ئىككى
يىل، ھېچ بولمىسا بىر ئاي، لاتنى بۇزماي تۇرۇشنى تەلەپ
قىلدى. رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) بۇنىڭغىمۇ رازى بولماي،
ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىدىن مۇتلەق يۈز ئۆرىدى. بۇ قەتئى
جاۋاب ئىدى. ئۇنىڭدا ئىككىلىنىش ۋە شەپقەت يوق ئىدى.
چۈنكى ئىنسان ئىمان كەلتۈرىدۇ، ياكى بولمىسا ئىمان كەل-



تۈرمەيدۇ. نەتىجە بولسا يا جەننەت ياكى جەھەننەم بولىدۇ.
لېكىن مۇھەممەد (س ئە ۋ) ئۇلارنىڭ بۇتلىرى لاتنى ئۇلار
ئۆز قوللىرى بىلەن بۇزماسلىق تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ،
ئۇنى بۇزۇپ تاشلاشنى ئەبۇسۇفيان ۋە مۇغىرەئىبنى شۇئبىگە
تاپشۇردى. ھەتتا، رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) مۇكەممەل ئەقىدە
ۋە ئۇ تەلەپ قىلىدىغان ئىجرادىن باشقىسىغا رازى بولمىدى.
ئەمما ۋاسىتە شەكلىگە بولسا رازى بولدى. چۈنكى بۇ ئىككە-
سى ئوشبۇ ئەقىدىنىڭ ماھىيىتىگە ئالاقىسى يوقتۇر. شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ ئىسلام دەۋىتى ئۆزىنىڭ پىكرىنى مۇكەممەل ساقلاش
ۋە ئۇنى مۇكەممەل ئىجرا قىلىنىشىغا ئىنتىلىش زۆرۈر.
پىكرەت مەسىلىسىدىمۇ، تەرىققەتتىمۇ ھېچكىمگە رىئايە قى-
لىنمايدۇ. لېكىن دەۋەت خالىغان ۋاسىتىلەردىن پايدىلان-
سۇن، بۇنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق زەرىرى يوق.
ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش دەۋەتنىڭ ھەربىر ئىشى مۇئەي-
يەن غايە ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
دەۋەتنى يايغۇچىدىن بولسا، بۇ غايىنى دائىم تەسەۋۋۇر قى-
لىپ، ئۇنىڭغا ئېرىشمەك ئۈچۈن پائالىيەت كۆرسىتىپ ئۇنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىنىم تاپماي سىھەت قىلىشنى
تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرسىتىزكى، ئۇ ئەمەلسىز
پىكىرگە رازى بولمايدۇ. ئۇنداق پىكىرنى مەس قىلغۇچى
خىيالى پەلسەپە دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ غايىسىز پىكىر ۋە
پائالىيەتكىمۇ رازى بولمايدۇ. ئۇنى مۇسلۇشۇپ كېتىش ۋە
ئاز پۇرسەتتە ئۈمىدسىزلىككە ئېلىپ بارىدىغان تەۋەررۇنە ھەر-
كەت دەپ ھېسابلايدۇ، بەلكى ئۇ پىكىر ۋە پائالىيەت بىرلىكى

كسى بىرلىكتە ئەمەلدە ۋۇجۇتقا كەلتۈ-
ىغان مۇئەييەن غايىگە قارىتىلغان بولى-
قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) مەككىدە
ۇ، مەككە جەمئىيىتى ئىسلامنى جەمئى-
ىغان نىزام سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشىغا
ى كۆرگەچكە، مەدىنە جەمئىيىتىنى تەي-
ەن ئۇيەردە دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەتۈرۈپ،
دى، ئۇنىڭ رىسالىتىنى يايدى. ئۇممەت-
كىيىن ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش ۋە سد-
ى مېڭىشقا تەييارلىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن
ىڭ خەلقىنى مەۋجۇد بولمىغان ھالەتتە
يىش ئىسلامغا، ئىسلام ھاياتىنى قايتا
شنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. بۇ
ن ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ئىسلامنى تەتبىق
رىسالىتىنى پۈتۈن ئالەمگە يايىدىغان،
لام ھاياتىنى قايتا باشلاش ئۈچۈن ئېلىپ
دۆلەت تەرىپىدىن پۈتۈن ئالەمگە يېيە-
ىسىگە كۆتۈرىدىغان ئىسلام ئالىمىدىكى
الەمى دەۋەت سېۋىيىسىگە يەتكۈزىدىغان
جۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پائال ئىشلەش
رۇلۇشى مۇمكىن.
ۇاتقان دەۋەتتە ئەقىدىلىرىنى توغرىلاش
ۆچەيتىش روشەن كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇ-
ئۇلارنىڭ مۇئەممالىرىنىڭ يېشىملىرى

بايان قىلىنىشى لازىم. شۇندىلا، ب
ساھەلىرىدا تىرىك ۋە جانلىق بول
ئادەملەرگە مەككىدە بۇئايەتنى ئوقۇ
تبت يدا ابى ل
— «ئەبۇلەھەبنىڭ ئىككى قولى

111

بىرۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇشبۇ ئايە
انه لقول رسول كريم وماهو بقو
— «ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمە
ئاز ئىشىنىسىلەر. ئۇ كاھىنىنىڭ سۆز
ۋەز - نەسىھەت ئالىسىلەر» 96: 04.
مەككىدە بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بىر
ويل للمطففين الذين اذاكتالوا علي
كالوهم اووزنوهم يخسرون
— «(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم
. ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چ
كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگ
دۇ». 38 :31
ئادەملارغىمۇ ئۇشبۇ ئايەتنىمۇ تىلاۋ
امنو وعملوالصالحات لهم جنات تجري
الفوز الكبير
— «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئە
شۈبھىسىزكى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئې
نەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ چوڭ بە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) مەدىنىدە بولسا ئۇشبۇ مەنادىكى ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى:

واقيموالصلاة واتوالزكاة

— «نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار،» 43:11

شۇنىڭدەك ئۇلارغا ئۇشبۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلاتتى:

انفروا خفافا وثقالا وجاهدوابا موالكم وانفسكم في سبيل الله

— «(ئى مۆئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش - قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، اللەنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار،» 9:14

ئۇلارغا يەنە ئوقۇپ بېرەتتى:

ياايهاالذين امنوا اذاتداينتم بدين الي اجل مسمي فاكتبوه

— «ئى مۆئمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار،» 282:2

ئۇلارغا يەنە ئوقۇپ بېرەتتى:

كي لايكون دولة بين الاغنياء منكم

— «ئېچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن» 95:7



يەنە تىلاۋەت قىلاتتى:

لايستوى اصحاب النار واصحاب الجنة اصحاب الجنة هم الفائزون

- «ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر». 95:02

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام دەۋىتى ئادەملەرگە ھايات مۇئەممالىرىنى مۇئامىلىجە قىلىدىغان نىزاملارنى ئېلىپ چىقىشى لازىم. چۈنكى ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئۇنىۋغى ئىنساننى پۈتۈنلەي ئىنسان سۈپىتىدە مۇئامىلىجە قىلىدىغان، ئۇنىڭدا ئومۇمى ئىنقىلابنى ئەمەلگە چىقىرالايدىغان ھايات ۋە جانلىقلىقىدادۇر.

بۇ دەۋەتنى يايغۇچىلار ئەگەر دىللىرىغا كامالەتكە ئىنتىلىش ئۇرۇغىنى تىكمىسە دائىم ھەقىقەتنى ئىزدىمىسە، يېتىشىپ قالغان باشقا چۈشەنچىلەردىن تازىلاش ئۈچۈن بىلگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەربىرىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرمىسا، ئېلىپ چىقىۋاتقان پىكىرلار ساپ ۋە ئېنىق شاكلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن يېقىن تۇرسا ئۇنىڭغا ئېلىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق پىكىرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرمىسا مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئالدىلىرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى بېجىرەلمەيدۇ. چۈنكى پىكىرلارنىڭ ساپ ۋە ئېنىقلىقى مۇۋەپپىقىيەت ھەمدە مۇۋەپپىقىيەت دەۋاملىشىشىنىڭ بىرلا شەرتىدۇر.

ۋە ئاخىرى بۇ دەۋەتنى يايغۇچىلار دەۋەت مەسئۇلىيىتىنى الله بۇيرىغان ۋەزىپە سۈپىتىدە ئادا قىلىشى، قىلىنغان

ئىشلىرى ئۈچۈن بىراۋدىن مۇكاپات ئۈمۈت قىلماي، ئادەم-
لاردىن مىننەتدارلىق كۈتمەي، اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش-
تىن باشقا نەرسىنى بىلمەي، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش
ئۈمىدى بىلەن خۇرسەن بولۇپ، ئوچۇق چىراي بىلەن ۋاجىپ
مەسئۇلىيەتكە ئىنتىلىشى لازىمدۇر.



# ئىسلام ھەزارىتى

ھەزارەت دۇنيا قاراش بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا كەسكىن پەرق مەۋجۇد. دۇنيا قاراش ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر يىغىندىسىدۇر. مەدەنىيەت بولسا ھايات ئىشلىرىدا ئىستېمال قىلىنىدىغان ۋە سەزگۈلەر ياردىمىدە ھېس قىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ماددىي شەكىللىرىدۇر. دۇنيا قاراش ھاياتنىڭ نۇقتىسى نەزەرگە قارىغاندا ئۆزىگە خاس بولسا، مەدەنىيەت بولسا خۇسۇسىي ۋە ئومۇمىي بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ھەيكەللەرگە ئوخشاش دۇنيا قاراشتىن كېلىپ چىقىدىغان مەدەنىي شەكىللەر خۇسۇسىي بولىدۇ. ئىلىم-پەن ۋە ئۇنىڭ رىۋاجلىنىشى ھەمدە سانائەت ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى-دىن دۇنياغا كېلىدىغان مەدەنىي شەكىللەر ئومۇمىي بولۇپ، بۇلار مۇئەييەن بىر ئۈممەتكە خاس بولماي، بەلكى سانائەتكە، ئىلىم پەنگە ئوخشاش ئالەم شۇمۇل بولىدۇ.

دۇنيا قاراش ۋە مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق پەرق
مۇلاھىزە قىلىنىشى لازىم. شۇنىڭدەك دۇنيا قاراشتىن
پ چىقىدىغان. مەدەنىي شەكىللەر بىلەن ئىلىم-پەن
ائەتتىن كېلىپ چىقىدىغان مەدەنىي شەكىللەر ئوتتۇرى-
كى پەرقمۇ مۇلاھىزە قىلىنىشى لازىم. بۇ بولسا، مۇ-
ن مەدەنىيەتنى ئېلىشتا ئۇنىڭ شەكىللىرى ھەمدە بۇ

شەكىللەر بىلەن ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئاجرىتىپ ئېلىشقا قادىر بولۇش ئۈچۈن زۆرۈردۇر. مەسىلەن، ئىلىم-پەن ۋە سانائەتتىن كېلىپ چىقىدىغان غەرب مەدەنىيىتىنى ئېلىشتىن مەنئى قىلىدىغان ھېچقانداق توساق يوق. ئەمما غەرب دۇنيا قارىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان غەرب مەدەنىيىتىنى ھېچقانداق ھالەتتە ئېلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى قۇرۇلغان ئاساسىدىمۇ، بۇ دۇنيا ھاياتىنى تەسۋىرلەشتىمۇ، ئىنساننىڭ بەخت سائادىتىنى چۈشەندۈرۈشتىمۇ ئىسلام دۇنيا قارىشىغا زىت بولغىنى ئۈچۈن غەرب دۇنيا قارىشىنى ئېلىش جائىز ئەمەس.

غەرب دۇنيا قارىشى دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىش ۋە دىننىڭ ھاياتتىكى تەسىرىنى ئىنكار قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇنىڭدىن «دىننى دۆلەتتىن ئاجرىتىش» پىكرىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن. چۈنكى دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىدىغان، ئۇنىڭ ھاياتتا مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدىغانلاردا دىننى دۆلەتتىنمۇ ئاجرىتىش كېرەك، دېگەن پىكرەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. ھايات ۋە ئۇنىڭ نىزامى خۇددى مەنا شۇ ئاساسقا قۇرۇلغان. ئەمما ھاياتنى تەسۋىرلەشتە بولسا، ئۇنى ساپ مەنپەئەتلەردىن ئىبارەت دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. چۈنكى مەنپەئەت بارلىق ئىشلارنىڭ ئۆلچىمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەنپەئەتدارلىق نىزامىنىڭمۇ، دۇنياقاراشنىڭمۇ ئاساسىدۇر. شۇنىڭدىن، مەنپەئەتدارلىق، تۈزۈم ۋە دۇنيا قاراشتىكى كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدىغان چۈشەنچىدۇر. چۈنكى ئۇ ھاياتنى پەقەت مەنپەئەتتىن ئىبارەت دەپ تەسۋىرلەيدۇ. شۇ-



www.uyghurkitap.com

مەۋجۇتتىن ئۇلاردا بەخت - سائادەت [illegible]لىغان جىسمانىي لەززەتلەرنىڭ مۇمكىن قەدەر كۆپراق قىسمى[illegible] بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا بۇ لەززەت ۋاستىلىرىنى تەييارلاپ بېرىشتىن [illegible] ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن غەرب دۇنياقارىشى ساپ مەنپەئەتدار[illegible] ئىبارەت بولغان دۇنيا قاراش بولۇپ، مەنپەئەتتىن باشقا نەرسىنى ھېسابقا ئالمايدۇ، مەنپەئەتدارلىقتىن باشقا نەرسىنى تەن ئالماي، ئۇنى بارلىق ئىشلارنىڭ ئۆلچىمىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. روھىي جەھەت بولسا، شەخسنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولۇپ، جامائەنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۇ چىركاۋ ۋە چىركاۋ كىشىلىرىدە چەكلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن غەرب دۇنيا قارىشىدا ئەخلاقى ياكى روھى ياكى ئىنسانى قىممەتلەر مەۋجۇد بولماي، بەلكى پەقەت ماددىي ۋە مەنپەئەت قىممەتلىرى مەۋجۇتتۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئىنسان پەرۋەرلىك ئىشلىرى، قىزىل كرېست ۋە مىسسىئونېرلىق جەمئىيىتىگە ئوخشاش دۆلەتتىن ئاجرىتىلغان تەشكىلاتلارغا بويسۇندۇرۇلغان ۋە ساپ پايدىدىن ئىبارەت بولغان ماددىي قىممەتتىن باشقا ھەرقانداق قىممەتلەر ھايات مەيدانىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان. قىسقىسى، غەرب دۇنيا قارىشى ھايات ھەققىدىكى شۇنداق چۈشەنچىلەر مەجمۇئەسىدۇر.

ئىسلام دۇنيا قارىشى غەرب دۇنيا قارىشى ئاساسىدىن مۇتلەق پەرق قىلىدىغان ئاساسقا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ھاياتنى تەسۋىرلىشىمۇ غەرب دۇنيا قارىشىنىڭ ھاياتقا بەرگەن تەسۋىرىدىن باشقىدۇر. ئىسلام دۇنيا قارىشىدىكى بەخت - سائادەت چۈشەنچىسى غەرب دۇنيا قارىشىدىكى چۈشەنچىدىن تۈپتىن

پەرق قىلىدۇ. ئىسلام دۇنيا قارىشى اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش، اللە كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ئۈچۈن مۇئەييەن نىزام بەلگىلەپ شۇ قانۇنغا مۇۋاپىق ئۇلارنى باشقۇرۇشقا ئىشىنىش ۋە سەييىدىمىز مۇھەممەد (س ئە ۋ)نى ئىسلام دىنى بىلەن رەسۇل قىلىپ ئىبۋەتكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان. يەنى ئىسلام دۇنيا قارىشى ئىسلام ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ ئەقىدە بولسا، اللەغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، رەسۇللىرىغا، ئاخىرەت كۈنىگە، قازا ۋە قەدەرنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقىمۇ، اللە تەئالادىن دەپ ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئەقىدە دۇنيا قاراشنىڭ ئاساسىدۇر. دۇنيا قاراش روھى ئاساسقا قۇرۇلغان.

ئىسلام دۇنيا قارىشىدا ھاياتنىڭ تەسۋىرلىنىشى بولسا، ئىسلام ئەقىدىسىدىن ئۇرغۇپ چىققان، ھاياتنىڭ ۋە ئىنساننىڭ ھاياتتىكى ئىشلارنىڭ ئاساسى بولىدىغان ئىسلام پەلسەپىسىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ پەلسەپە-ماددىنىڭ روھ بىلەن ئارلاشمىسىدىن يەنى بارلىق ئەمەللەرنى اللەنىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرى ۋاستىسىدا يۈرگۈزۈلىشىدىن ئىبارەت بولغان پەلسەپە ھايات تەسۋىرىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىنساننىڭ ئەملى ماددىدۇر، ئىنسان بىر ئىشنى ھالال ياكى ھارام دېگەن نۇقتىنى نەزەردىن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان چېغىدا ئۇنىڭ اللەغا باغلىنىقلىقىنى ئىدراك قىلىشى بولسا، روھدۇر. بۇ بىلەن ماددىنىڭ روھ بىلەن ئارلىشىشى ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭغا بىنائەن مۇسۇلماننىڭ ئەمەللىرىنى يۈرگۈزگۈچى،



اللەنىڭ بۇيرۇقى ۋە توسقۇنلىرىدۇر. ئەمەللەرنى اللەنىڭ بۇيرۇق ۋە توسقۇنلىرى ۋاستىسىدا يۈرگۈزۈشتىن كۆزلەنگەن غايە بولسا، اللە تەئالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتۇر. ئەسلا مەنپەئەتدارلىق ئەمەس! ئەگەر بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەت بولسا شۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقاندا قولغا كىرگۈزۈش كۆزلىنىۋاتقان قىممەتتۇر. بۇ قىممەت بولسا، ئەمەللەرنىڭ تۈرىگە قاراپ ھەرخىل بولىدۇ. گاھىدا بۇ قىممەت ساپ ماددى بولىشى مۇمكىن. بۇنى پايدا ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، سودىگەر مىسالىدا كۆرۈش مۇمكىن. ئۇنىڭ تىجارىتى ماددى ئەمەل. ئىنسان ئۆزىنىڭ اللەغا باغلىقلىقىنى ئىدراك قىلىپ تۇرىشى، اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈمىدىدە ئۇنىڭ بۇيرۇق ۋە توسقۇلىرىغا مۇۋاپىق رەۋىشتە تىجارىتىنى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ ئەمەلنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن كۆزلەنگەن قىممەت پايدادۇر. بۇ ماددى قىممەتتۇر.

گاھىدا قىممەت روھى بولىدۇ. ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەجگە ئوخشاش ئەمەللەردە. گاھىدا قىممەت ئەخلاقى بولىدۇ. راستچىللىق، ئامانەتدار بولۇش ۋە ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا ئوخشاش ئەمەللەردە. گاھىدا قىممەت ئىنسانلىقتىن ئىبارەت بولىدۇ. سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ئادەمنى قۇتقۇزۇش ۋە مۇھتاجغا ياردەم بېرىشكە ئوخشاش ئەمەللەردە. ئىنسان بىرەر ئەمەلنى قىلماقچى بوسا بۇ قىممەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا مەخسەت قىلىۋالىدۇ. بىراق بۇ قىممەتلەر ئەمەللەرنى يۈرگۈزىدىغان ئامىل بولال-

بويرۇق ۋە توسۇقلىرى بىلەن يۈرگۈزۈلۈشى لازىم دەپ تەس-
ۋىرلەيدۇ. بەخت سائادەتنىڭ مەنىسى بولسا اللەنىڭ رازىلى-
قىغا ئېرىشىش دەپ بىلىدۇ.

ئىسلام دۇنيا قارىشى ئاۋۋالقى كۆزلەردە هۆكۈمران بول-
غىنىغا ئوخشاش هۆكۈم سۈرگىلى باشلىغان چاغدىن باشلاپ
ئاز بورسەت ئىچىدە پۈتۈن ئالەمدىكى ئىنقىرازلارنىڭ مۇئالى-
جىلىرىگە كاپالەتلىك قىلىپ بارلىق ئىنسانىيەتنى پاراۋانلىق
بىلەن تەمىنلىگۈچىدۇر.



# ئىسلام نىزامى

ئىسلام ئىنساننىڭ ئۆز ياراتقۇچىسى، ئۆزى ۋە باشقا
ئىنسانلار بىلەن قىلىدىغان ئالاقىلارنى تەرتىپكە سېلىش ئۈ-
چۈن، اللە مۇھەممەد (سەئەۋە) گە نازىل قىلغان دىن دۇر.
ئىنساننىڭ ئۆز ياراتقۇچىسى بىلەن بولىدىغان ئالاقىسى ئەقى-
دىلەر ۋە ئىبادەتلەرنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئالاقىسى ئەخ-
لاق، يېمەك . ئىچمەك ۋەلىباسلارنى باشقا ئىنسانلار بىلەن
بولىدىغان ئالاقىسى بولسا، مۇئامىلە ۋە جازا چارىلىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام هاياتنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن
مۆلچەرلەنگەن مەبدەئدۇر. ئۇ ئىلاهىيەت دىنى ئەمەس. ئۇنىڭ
كاهىنلىقتا هېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۇ هەرقانداق دىنى
تەۋئاكراتىيە (دىنى ئىستىبدات) غا چەك قويىدۇ. ئىسلامدا
دىن كىشىلىرى جامائەسى ۋە دۇنيا كىشىلىرى جامائەسى دەپ
ئاتىلىدىغان گورۇهلار يوق. بەلكى ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدى-
غان هەممە ئىنسانلار مۇسۇلمانلار دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بۇلارنىڭ
هەممىسى دىن ئالدىدا باراۋەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭدا
روهانىلار ۋە زامانىۋى كىشىلەر بولمايدۇ. ئىسلامدىكى رو-
هى جەهەت بولسا، جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر ياراتقۇچە-
نىڭ ياراتقان مەخلۇقلىرى ئىكەنلىكى هەمدە ئۇنىڭ ئەمرى
بىلەن باشقۇرۇلۇپ تۇرىلىشىدادۇر. چۈنكى بارلىق، ئىنسان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شەرئى ئەھكاملارنىڭ ئاللاپ تەيىن قىلىنىشى (قانۇنلاشتۇرۇلىشى)

مۇسۇلمانلار ساھابىلار ئەسىرىدە شەرئى ئەھكاملارنى بىۋاستە ئۆزلىرى كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئالاتتى. قازىلار ئادەملار ئارىسىدىكى جىدەل ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلغان چاغدا ئۆزلىرىگە دۇچ كەلگەن ھەربىر ھادىسە ھەققىدىكى شەرئى ھۆكۈمنى بىۋاستە ئۆزلىرى تۈزەتتى. ھاكىملارمۇ ئەمىرۇل - مۇئمىنىندىن ۋالىلارغىچە ۋە ئۇلاردىن تۆۋەندىكىلەرمۇ ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتە ئۇلارغا يولۇققان ھەربىر مۇئامىلىنىڭ مۇئالىجىسى ئۈچۈن شەرئى ئەھكاملارنى ئىستىنبات قىلىش بىلەن بىۋاستە ئۆزلىرى شۇغۇللىناتتى. مەسىلەن، ئەبۇ مۇسەل ئەشئەرى ۋە شۇرەيھ ئىككىسىمۇ ئەھكاملارنى ئىستىنبات قىلىپ، ئۆز ئىجتىھادى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدىغان قازىلار ئىدى. مۇئازىبنى جەبەل رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) نىڭ ھاياتلىق كۈنلىرىدە ۋالى ئىدى ۋە ھۆكۈملەرنى ئۆزى ئىستىنبات قىلىپ، ئۆز ۋىلايىتىدە ئۆز ئىجتىھادى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى. ئابۇ بەكرى ۋە ئۆمەرمۇ خەلىفىلىك دەۋرىلىرىدە ھۆكۈملەرنى بىۋاستە ئۆزلىرى ئىستىنبات قىلىپ، ھەربىرى ئۆزى ئىستىنبات قىلغان ھۆكۈملەر بىلەن ئادەملار ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى. مۇئاۋىيە ۋەئەمرىيە-



نى ئاسىمۇ ھەربىرى ھۆكۈملەرنى بىۋاستە ئۆزى ئىستىنبات قىلىپ، ئۆز ئىجتىھادى بويىچە ئىشلەپ چىققان ھۆكۈملار بىلەن ئۆز ۋىلايىتىدە، ئادەملەر ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى. ۋالىلار ۋە قازىلاردىكى بۇنداق ئىجتىھادنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىلەن بىرگە خەلىفە مەخسۇس شەرئى ھۆكۈمنى تەبەننى (ئاللىنۇبىلىپ تەيىن) قىلاتتى ۋە ئادەملەرنى ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىشقا ئەمرى قىلاتتى. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە شۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىشنى لازىم دەپ بىلىپ دەرھال ئۆز رەئيلىرى ۋە ئىجتىھادلىرىنى تەرك ئېتەتتى. چۈنكى شەرئى ھۆكۈم شۇنىڭغا بۇيرۇيدىكى، «ئىمام (خەلىفە) نىڭ بۇيرۇغى زاھىردىمۇ باتىندىمۇ نۇپۇزلۇقتۇر (ھىساپتۇر)». جۈملىدىن، ئەبۇ بەكرى ئۈچ تالاق دەپ ئېيتىلغاندا بىر تالاق ھىساپ قىلىنىشى ۋە ئىسلامغا ئىلگىرىراق كىرگەنمۇ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا سۈپەتلەردىن قەتئى نەزەر مۇسۇلمانلارغا بايلىقنى تەڭ تەقسىم قىلىش ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى تەبەننى قىلغان. مۇسۇلمانلار بۇ ھۆكۈمدە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن. قازىلار ۋە ۋالىلارمۇ شۇ ھۆكۈملەر ئاساسىدا يۈرگەن. ئۆمەر خەلىپىلىككە كەلگەچكە، بۇ ئىككى ھادىسىدە ئەبۇبەكرنىڭ رەئيىگە خىلاپ رەۋىشتە باشقا رەئيىنى تەبەننى قىلىپ، ئۈچ تالاق بىراقلا ئېيتىلغاندىلا (ئۈچ تالاق) بولىدۇ دەپ ھىساپقا ئېلىنىشى لازىم دەپ ئەمرى قىلدى. بايلىقنى بولسا ئىسلامغا ئىلگىرىراق كىرگەنلىكى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، تەڭلىك بىلەن ئەمەس، ئەۋزەللىكنى ئاللاپ تەقسىم قىلىشنى تەبەننى قىلدى ۋە بۇ ئىشلاردا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا

ئەگەشتى. قازىلار ۋە ۋالىيلارمۇ شۇ ھۆكۈملەر بىلەن ھۆكۈم
قىلدى. ئاندىن كېيىن ئۆمەر جەڭدە ئولجىغا ئېلىنغان يەر-
لەرنى بەيتۇلمالنىڭ ئولجىغا ئېلىنغان مۈلكى سۈپىتىدە ساق-
لىنىشىنى شەرئى ھۆكۈم مەناسىدا تەبەننى قىلدى. بۇ ھۆ-
كۈمگە قارىغاندا يەر جەڭچىلەرغىمۇ ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغىمۇ
تەقسىم قىلىپ بېرىلمەي ئۇلار ئىگىلىرىنىڭ قولىدا قېلىشى
لازىم بولاتتى. بۇ ئىشتىمۇ ۋالىيلار ۋە قازىلار ئۇنىڭغا ئەگەش-
تى، ئۇنىڭ تەبەننى قىلغان ھۆكمىگە ئاساسەن ماڭدى. ئىج-
ما، يەنى ساھابىلارنىڭ ئىتتىپاقى شۇنىڭغا كېلىپ توختىغان
ئىدىكى: ئىمام (خەلىفە) مۇئەييەن ھۆكۈملەرنى تەبەننى
قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇش ھوقۇقىغا ئىگە.
مۇسۇلمانلار بولسا، تەبەننى قىلىنغان ھۆكۈملەر ئۇلارنىڭ
ئىجتىھادىغا زىت بولسىمۇ بۇ ھۆكۈملەرگە ئىتائەت قىلىشقا
مەجبۇردۇر. مەشھۇر شەرئى قائىدىلەرمۇ مەۋجۇدتۇركى،
بۇلار: «سۇلتان مەيدانغا كېلىۋاتقان مۇئەممالارغا قاراپ، ئۇلا-
رغا تەئەللۇق ھۆكۈملەرنى ئىشلەپ چىقىشقا ھەقلىقدۇر».
«ئىمامنىڭ ئەمرى ئىختىلاپنى بىرتەرەپ قىلىدۇ». «ئىما-
منىڭ ئەمرى زاھىردىمۇ، باتىنىدىمۇ نۇپۇزلۇقتۇر». شۇنىڭ
ئۈچۈن كېيىنكى خەلىفىلەرمۇ مۇئەييەن ھۆكۈملەرنى تەبەننى
قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. مەسىلەن، ھارۇنرەشىد ئىقتىساد
ساھەسىدە «ئەلخىراج» كىتابىنى تەبەننى قىلىپ، ئادەملەر-
دىن بۇ كىتابتا كەلتۈرۈلگەن ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىشنى
قەتئى تەلەپ قىلغان ئىدى.



www.uyghurkitap.com

## دەستۇر ۋە قانۇن

قانۇن ئەجنەبى ئىستىلاھ (خاس تەبىرى) دۇر. [illegible]لاردا
ئۇنىڭ مەناسى: ئىنسانلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن سۇلتان چى-
قارغان پەرمان. قانۇن شۇنداق تەرىپلەنگەن. «سۇلتان ئىن-
سانلارنىڭ ئۆز - ئارا ئالاقىلىرىدا بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىش
ئۈچۈن قوبۇل قىلغان قائىدىلەر مەجمۇئەسى». ھەرقايسى
ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسى قانۇنى «دەستۇر» سۆزى بىلەن ئىپادى-
لىنىشى قوبۇل قىلىنغان. دەستۇردە قەيت قىلىنغان تۈ-
زۈمدىن كېلىپ چىقىدىغان قانۇن بولسا «قانۇن» سۆزى بىلەن
ئىپادىلىنىدۇ. دەستۇر تۆۋەندىكىچە تەرىپلەنگەن: «دۆلەت-
نىڭ شەكلىنى، ئۇنىڭدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى بەلگىلەي-
دىغان، ئۇنىڭدىكى ھۆكۈمەت تۈزۈملىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ
ھۇدۇدە (ھوقۇق دائىرىسى) ۋە ئىختىساسلىرىنى بايان قى-
لىپ بەرگۈچى قانۇن». ياكى، «ئومۇمى ھاكىمىيەت» يەنى
ھۆكۈمەتنى تەرتىپكە سالىدىغان ۋە ئۇنىڭ شەخسلەر بىلەن
ئۆز-ئارا ئالاقىسىنى بەلگىلەيدىغان، ئۇنىڭ شەخسلەر ئالدى-
دىكى ھوقۇق ۋە بۇرچلىرىنى ۋە شەخسلەرنىڭ ئۇنىڭ ئالدى-
دىكى ھوقۇق ۋە بۇرچلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان قانۇن»
. دەستۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەرخىل بولىدۇ. جۈملى-
دىن: قانۇن كۆرۈنۈشىدە سادىر بولغان دەستۇرلار. ئۆرپ
- ئادەت ۋە تەقلىد ئەنئەنىلەر ياردىمىدە پەيدا بولغان دەستۇر-
لار. ئىنگلىزلار دەستۇرىگە ئوخشاش. ئۆز ۋاقتىدا خەلق
ئارىسىدا ھۆكۈمران بولغان ۋەتەن پەرۋەرلىك جەمئىيىتىدىن

تەشكىل تاپقان ھەيئەت دەستۇرنى ئىشلەپ چىقىش ئۈچۈن باشچىلىق قىلىپ، دەستۇرنى قانۇن سۈپىتىدە ئىشلەپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش كەيپىيتىنى بايان قىلىپ، كېيىن بۇ ھەيئەت تارقىلىپ كەتكەن. دەستۇردە كۆرسىتىلگەن ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغان. فرانسىيە ۋە ئامېرىكىدا بولغانغا ئوخشاش. دەستۇر ۋە قانۇنلارنىڭ ئېلىنغان مەنبەلىرى مەۋجۇت. ئۇلار ئىككى خىلدۇر: بىرىنچى: ئۆرپ - ئادەت، دىن، قانۇن شۇناسلارنىڭ پىكىرلىرى، مەھكىمەلەردە قوللانغان قانۇنلار ۋە ئىنساپ - ئادالەت قائىدىلىرىگە ئوخشاش دەستۇر ۋە قانۇن بىۋاستە كېلىپ چىققان مەنبە كۆزدە تۇتۇلۇپ، بۇنداق مەنبە تەشرىئى (قانۇنچىلىق) مەنبە دەپ يۈرگۈزۈلىدۇ. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىغا ئوخشاش بەزى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ دەستۇرىغا ئوخشاشدۇر. ئىككىنچى دەستۇر ۋە قانۇن ئاللاپ ئېلىنغان ياكى بىۋاستە كۆچۈرۈپ ئېلىنغان ئاساس كۆزدە تۇتۇلىدۇ. فرانسىيە دەستۇرى ۋە ئىسلام ئالەمىدىكى مەۋجۇد بەزى كىچىك دۆلەتلەر - تۈركىيە، مىسىر، ئىراق ۋە سۈرىيەنىڭ دەستۇرلىرىغا ئوخشاش. بۇنداق مەنبەنى تارىخى مەنبە دەپ يۈرگۈزۈلىدۇ.

دەستۇر ۋە قانۇن سۆزىدىن چۈشىنىلىدىغان ئىستىلاھنىڭ خۇلاسىسى مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت. بۇ ئىستىلاھتىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، دۆلەت - مەيلى تەشرىئى مەنبە، مەيلى تارىخى مەنبە بولسۇن - تۈرلۈك مەنبەلەردىن مۇئەييەن قانۇنلارنى ئېلىپ شۇنى تەبەننى قىلىدۇ ۋە



ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ قانۇنلار دۆلەت تەرىپىدىن تەبەننى قىلىنغاندىن كېيىن، ئەگەر ئومۇمى قانۇنلارغا تەئەللۇق بولسا «دەستۇر»گە ۋە ئەگەر خۇسۇسى قانۇنلارغا تەئەللۇق بولسا «قانۇن»غا ئايلىنىدۇ.

ھازىرقى كۈندە مۇسۇلمانلار ئالدىدا تۇرغان سوئال شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ ئىستىلاھنى قوللىنىش جائىزمۇ ياكى جائىز ئەمەسمۇ؟ جاۋاپ شۇكى، ئىستىلاھى مەنالارغا ئىگە بولغان ئەجنەبى سۆزلەر ئىستىلاھى مۇسۇلمانلاردىكى ئىستىلاھقا زىت بولسا، بۇنداق سۆزلەرنى ئىستىمالدا قوللىنىش جائىز ئەمەس. مەسىلەن، «ئىجتىمائى ئادالەت» سۆزىگە ئوخشاش. چۈنكى بۇ سۆز مۇئەييەن نىزامنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نىزامنىڭ خۇلاسىسى بولسا كەمبەغەللەرنى تەلىم تەربىيە ۋە ساقلىقنى ساقلاش ساھەلىرىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى ھەمدە ئىشچى ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى تەمىنلىنىشىدىن ئىبارەت. بۇ ئىستىلاھ مۇسۇلمانلار ئىستىلاھىغا زىتتۇر. چۈنكى ئادالەت مۇسۇلمانلاردا زۇلۇمنىڭ ئەكسىدۇر. تەلىم ۋە ساقلىقنى ساقلاشنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى بولسا بارلىق ئىنسانلار - باي ۋە كەمبەغەللەرنىڭ ھوقۇقى، شۇنىڭدەك، مۇھتاج ۋە زەئىپلەر ھوقۇقىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى خىزمەتچى بولسىمۇ، بولمىسىمۇ مەيلى ئىشچى، مەيلى دېھقان ياكى باشقىلار بولسۇن - ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقىدۇر. ئەگەر بىرەر سۆزنىڭ مەناسى مۇسۇلمانلاردا مەۋجۇت ئىستىلاھنى بىلدۈرىدىغان بولسا بۇنداق سۆزنى

ئىستىمال قىلىش جائىزدۇر. سىلىق سۆزىگە ئوخشاش. بۇ
سۆز دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلاردىن يىغىپ
ئېلىنىدىغان مال ـ مۈلۈكنى بىلدۈرىدۇ. مۇسۇلمانلاردىمۇ
ئۇلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن دۆلەت يىغىپ ئالىدىغان مال
(مۈلۈك) مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىلىق سۆزىنى ئىس-
تىمال قىلىشىمىز توغرا بولىۋېرىدۇ. دەستۇر ۋەقانۇن سۆ-
زىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ بۇ سۆزلەرنىڭ مەناسى دۆلەت
تەرىپىدىن مۇئەييەن ھۆكۈملەر قوبۇل قىلىنىپ، بۇلارنى
خەلقلەرگە ئېلان قىلىپ، بۇ ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىشنى
تەلەپ قىلىپ، بۇلار ئاساسىدا ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈر-
گۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. بۇمەنا مۇسۇلمانلاردىمۇ مەۋجۇت.
شۇنىڭغائاساسەن دەستۇر ۋە قانۇن سۆزلىرىنى ئىستىمال
قىلىشنىڭ جائىزلىقىغا ھېچقانداق توساق يوق. بۇ سۆزلەر
ئىشلىتىلگەندە خەلىفە شەرئىي ھۆكۈملەردىن تاللاپ ئېلىپ،
تەبەننى قىلغان ھۆكۈملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لېكىن ئىسلام
دەستۇرى ۋە قانۇنلىرى بىلەن باشقا دەستۇرلەر ۋە قانۇنلار
ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار. باشقا دەستۇرلەر ۋە قانۇنلارنىڭ
مەنبەئى ئۆرپ-ئادەتلەر، مەھكىمەلەردە قوللانغان قانۇنلار ۋە
ھاكازالاردۇر. ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش ئورنى دەستۇرنى قانۇن-
لاشتۇرغۇچى ئىنسانلار ... ۋە خەلق تەرىپىدىن سايلان-
غان قانۇن تۈزىدىغان مەجلىسلەردۇر. چۈنكى ئۇلاردا خەلق
ھاكىمىيەت مەنبەئى ۋە خوجايىنلىقىنى خەلقنىڭدۇر. ئىسلام
دەستۇرى ۋە قانۇنلىرىنىڭ مەنبەئى بولسا كىتاب ۋە سۈننەت-
تۇر. بۇ ئىككىسىدىن باشقا ھېچنەرسە مەنبە بولالمايدۇ.



پەيدا بولۇش ئورنى بولسا مۇجتەھىدلارنىڭ ئىجتىھادىدۇر.
خەلىفە مۇجتەھىدلار ئىجتىھادىدىن مۇئەييەن ھۆكۈملەرنى
تەبەننى قىلغاچقا، ئۇلار ۋاستىسىدا بۇيرۇيدۇ ۋە ئىنسانلار-
نى ئاشۇ ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. چۈن-
كى خوجايىنلىق شەرىئەتنىڭدۇر. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى
ئىستىنبات قىلىش ئۈچۈن ئىجتىھاد قىلىش بولسا بارلىق
مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقى بولۇپ، ئۇلار زىممىسىدىكى پەرز
كۇپايەدۇر. شەرئىي ئەھكاملارنى تەبەننى قىلىش بولسا، پە-
قەت خەلىفەنىڭ ھوقۇقىدۇر.
بۇ، دەستۇر ۋە قانۇن سۆزلىرىنى ئىستىمال قىلىشنىڭ
جائىزلىقى توغرىسىدىكى گەپلەردۇر. ئەھكاملارنى تەبەننى
قىلىشقا زۆرۈرىيەت مەۋجۇتلىقى توغرىسىدا شۇنى ئېيتىمىز، تۇ-
تۇش زۆرۈركى، ئەبۇبەكرى خەلىفىلىكى دەۋرىدىن ئېتىبارەن تا
شەرقىي مۇسۇلمان خەلىفە دەۋرىگە قەدەر مۇسۇلمانلار خەلىفە
تەرىپىدىن ئەمەل قىلىشقا ئەمرى قىلىنىدىغان مۇئەييەن ئەھ-
كاملارنىڭ تەبەننى قىلىنىشى زۆرۈرىيىتىنى ئىدراك قىلاتتى.
لېكىن بۇ تەبەننى دۆلەت ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان بارچە ئەھكام-
لار ئۈچۈن ئومۇمىي ئەمەس، بەلكى خۇسۇسىي ھالدا بەزى
ئەھكاملار ئۈچۈنلا قوللىناتتى. بەزى ئەسىرلەردە دۆلەت بار-
لىق ئەھكاملاردا ئومۇمىي تەبەننى قىلغان ھالەتلەرمۇ بولغان.
مەسىلەن، ئەييۇبىلار شافىئىي مەزھەبىنى، ئوسمانلار دۆلە-
تى بولسا، ھەنەفىي مەزھەبىنى تەبەننى قىلغان ئىدى.
بۇ ئورۇندا تەبىئىي سوئال تۇغۇلىدۇكى، ئومۇمىي دەس-
تۇر ۋە قانۇنلارنى تۈزۈشتە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنبەئەت



www.uyghurkitap.com

بارمۇياكى يوقمۇ؟ بۇنىڭغا جاۋابەن شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى
بارلىق ئەھكاملار ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان دەستۇر ۋە قانۇنلار-
نىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئىجات ۋە ئىجتىھادقا بولغان رىغبەتنى
يوقىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاۋۋالقى ئەسىرلەردە - ساھابىلا-
ر، تابىئىنلار ۋە تەبئى تابىئىنلار ئەسىرىدە - مۇسۇلمان-
لار خەلىپە تەرىپىدىن بارلىق ئەھكاملارنى تەبەننى قىلىنىشى-
دىن ساقلىنىشقان. ئۇلار ھاكىمىيەت، قانۇن شۇناسلىق ۋە
ئىدارە ئىشلىرىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن تەبەننى قى-
لىش زۆرۈر بولغان مۇئەييەن ئەھكاملارنى تەبەننى قىلىش
بىلەن چەكلىنەتتى. شۇنىڭغا بىنائەن ئىجات ۋە ئىجتىھادنى
ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دەستۇرى بولمىغىنى، بەلكى دۆلەتنىڭ
شەكلىنى بەلگىلەيدىغان، ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى ساقلىنىپ
قېلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئومۇمىي ئەھكاملارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان دەستۇر بولۇشى ئەۋزەلدۇر. ئىجتىھاد ۋە
ئىستىنبات ئىشلىرى بولسا ۋالىلار ۋە قازىلارغا ھاۋالە قىلى-
نىدۇ. لېكىن بۇ ھال قاچانكى، ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە
تابىئۇ تتابىئىنلار ئەسىرىدە بولغانغا ئوخشاش ئىجتىھاد غۇلاچ
يايغان، ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى مۇجتەھىدلەردىن ئىبارەت
بولغاندىلا مەيدانغا بىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئىنسانلارنىڭ
ھەممىسى مۇقەللىد ئەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا
مۇجتەھىدلەر كەم ئۇچرايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا دۆلەت ئىن-
سانلار ئۈستىدىن - ئۇلار مەيلى خەلىپە، مەيلى ۋالىلار ۋە
قازىلار بولسۇن - ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان، ئەھكاملارنى تەبەن-



نى قىلىنىشى زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىدۇ. چۈنكى ۋالىلار ۋە قازىلار
ئىجتىھادسىز بەلكى پەقەت ئىختىلاپلىق ۋە زىددىيەتلىك تەقلىد
بىلەن ئىش قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلار تەرىپىدىن اللە نا-
زىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشى
مۇشەققەتلىك ئىشقا ئايلىنىدۇ. تەبەننى بولسا ھادىسىنى ئىن-
چىكىلىك بىلەن ئۆگۈنۈپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭغا
تەئەللۇق بولغان دەلىلنى بىلگەندىن كېيىنلا ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە ۋالىلار ۋە قازىلار ئۆزى بىلگىنىچە
ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە رۇخسەت بېرىلسە، بۇ - بىرلا يالغۇز
دۆلەتتە، بەلكى بىرلا شەھەرنىڭ ئۆزىدىمۇ ھۆكۈملەرنىڭ
خىلمۇ - خىل ۋە زىددىيەتلىك بولۇپ كېتىشى، بۇنىڭدىنمۇ
دەھشەتلىكراقى اللە نازىل قىلغان قانۇنلاردىن باشقا قانۇنلار
بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈلۈشىگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. شۇ-
نىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلامنى بىلمەسلىك بوگۈنكى تۆۋەن دەرىجىگە
چۈشۈپ قالغان ھالەتتە ئىسلام دۆلىتى مۇئەييەن ئەھكاملارنى
تەبەننى قىلىشى ۋە بۇ تەبەننى ئىتىقاد ۋە ئىبادەتلەرگە ئە-
مەس، بەلكى پەقەت مۇئامىلە ۋە جازا ئەھكاملىرىغىلا تېگىش-
لىك بولۇشى ھەمدە بۇ تەبەننى دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپ
ۋە ئىنتىزامدا ساقلىنىشى، شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ ھەم-
مە ئىشلىرى اللەنىڭ ھۆكۈملىرىگە مۇۋاپىق يۈرگۈزۈلۈشى
كۆزدە تۇتۇلغان ھالدا بارلىق ئەھكاملار ئۈچۈن ئومۇمىي بولى-
شى لازىم. بۇنىڭدىن تاشقىرى دۆلەت ئەھكاملارنى تەبەننى
قىلىپ دەستۇر ۋە قانۇنلارنى قوبۇل قىلىدىكەن پەقەت شەرئى
ئەھكاملار بىلەنلا چەكلىنىشى، باشقا قانۇنلارنى ئالماسلىقى

بەلكى ئۇلارنى مۇتلەق ئۆگۈنۈشمۇ جىنھائاسلىقى ۋاجىبدۇر.
ئىسلامغا مۇۋاپىق بولامدۇ ياكى ئۇنىڭغا زىت بولامدۇ بۇنىڭ-
دىن قەتئىي نەزەر شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن باشقا جايدىن
بىرەر نەرسىنىمۇ ئالمايدۇ. مەسىلەن، دۆلەت تەئمىم (
بارچە نەرسىلەرنى دۆلەت مۈلكى قىلىۋېلىش) قانۇنىنى ئال-
ماي ئۇنىڭ ئورنىغا شەرىئەتتىكى ئومۇمىي مۈلۈك ھۆكمىنى
قوبۇل قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ دۆلەت پىكرەت ۋە تەرىقەتكە
تەئەللۇق بولغان بارلىق ئىشلاردا شەرىئەت ئەھكاملىرى بە-
لەن چەكلىنىشى ۋاجىب دۇر. ئەمما پىكرەت ۋە تەرىقەتكە
تەئەللۇق بولمىغان، ئۇقتىشى نەزەرنى ئىپادىلىمەيدىغان ئىدارە
قانۇنلىرى ۋە مۇئەسسەسەلەرنى تەرتىپكە سېلىش ھەممە شۇ-
نىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قانۇنلار، ۋاسى-
تە ۋە ئۇسلۇبلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. دۆلەت بۇلارنى ئە-
لىم، سانائەت ۋە پەنلەرگە ئوخشاش باشقىلاردىن ئېلىپ،
ئۇلار ۋاسىتىسىدا ئۆز ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋېرىدۇ. ئۆ-
مەر ئىبنى خەتتاب دىۋانلارنى (سىستېمىلارنى) تەسىس قىلى-
دىكەن، بۇنداق ئۇسلۇبنى فارسلاردىن ئالغان ئىدى. بۇنداق
ئىدارى ۋە پەننى ئىشلار دەستۇرىمىز ۋە شەرىئەت قانۇنلىرى-
مىزغا كىرمەيدۇ، چۈنكى دەستۇرىمىز قەيت قىلىنمايدۇ.
خۇلاسە شۇكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ دەستۇرى شەرىئەت ئەھ-
كاملىرىدىن ئىبارەت بولىشى، يەنى ئىسلام دەستۇرى بول-
ىشى ۋە قانۇنىمۇ ئىسلامى بولىشى ئۇنىڭ ۋاجىبى (الله ئالدى-
دىكى مەسئۇلىيىتى) دۇر. دۆلەت ھەرقانداق ھۆكۈمنى تە-
بەننى قىلغاندا ئۇنى مەۋجۇت مۇئەممانى توغرا چۈشۈنۈپ



www.uyghurkitab.com

يېتىش بىلەن بىللە شەرئى دەلىلنىڭ كۈچلۈكلىكىگە ئاساس-
لىنىپ تەبەننى قىلىشى ۋاجىبدۇر. [illegible] دۆلەت
زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەت [illegible] ئاۋۋال
ئەترالىق چۈشۈنۈپ يېتىش ئۈچۈن مۇئەممانى [illegible]
چۈنكى مۇئەممانى توغرا چۈشىنىش ئۇنە زۆرۈردۇر. [illegible]
مەزكۇر مۇئەممادا ماس كېلىدىغان شەرئى ھۆكۈمنى چۈشە-
نىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، شەرئى ھۆكۈمنىڭ دەلىلىنى
ئۆگىنىدۇ ۋە ئاخىرىدا كۈچلۈك دەلىل ئاساسىدا ھۆكۈمنى
تەبەننى قىلىدۇ. شۇ شەرت بىلەنكى، بۇ شەرئى ئەھكاملار-
نىڭ دەلىلىنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۈچلۈكلىكىگە ئىشىنىش ھا-
سىل قىلغانچىقا مۇجتەھىدلەردىن بىرىنىڭ رەئيىدىن ئېلىنىدۇ
ياكى كىتاب، سۈننەت، ئىجما ياكى قىياس بىلەن گەرچە
جۈزئى ئىجتىهاد بولسىمۇ. بۇ بىر مەسىلىدىكى ئىجتىهاد-
يەقەت شەرئى ئىجتىهاد بىلەن ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، دۆلەت
بويۇملىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش (ئىستىخراجوانىيە) نى مەنئى
قىلىش قانۇنىنى تەبەننى قىلىشتىن ئاۋۋال «بويۇمنى
مۇھاپىزەت قىلىش» نىڭ مەنىسى نېمەدىن ئىبارەتلىكىنى
بىلىش مەقسىتىدە ئۇنى ئەترالىق ھالەتتە ئۆگىنىدۇ. ئاندىن
كېيىن مۈلۈككە ئىگە بولۇش ۋاستىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ-
نىڭدىن كېيىن مۈلۈكچىلىك ھەققىدىكى اللەنىڭ ھۆكمىنى
«مۇھاپىزەت» (ئىستىخراجوانىيە) گە تەتبىق قىلىپ، بۇ مە-
سىلىدىكى شەرئى ھۆكۈمنى تەبەننى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
شۇ دەستۇر ۋە ھەربىر قانۇن ئۈچۈن مۇقەددىمە بولىشى
زۆرۈر. بۇ مۇقەددىمە ھەربىر ماددا ئېلىنغان مەزھەبنى ۋە

بىلگۈچىدۇر. ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار(يەنى ئانا-
ئاڭلارنى قاخشاتقۇچى بولمىساڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ خاتالىق-
لىرىڭلارنى كەچۈرىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇ-
چىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. تۇغقانلارغا، مىسكىنگە، ئىبن-
ى سەبىلگە (خەير-ساخاۋەت) ھەققىنى بەرگىن، (بۇلۇپ-
مۇ ماڭلىرىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىل-
غۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان
پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى. ئەگەر
سەن پەرۋەردىگارىڭدىن كۈتۈۋاتقان مەرھەمەت تۈپەيلى بولغان-
لىقى ئۈچۈن ئاندىن ئۇلارغا خەير-ساخاۋەت قىلالمايدىغان بولساڭ
(يەنى قولۇڭدا ئۇلارغا بېرىدىغان بىرنەرسە بولمىسا)، ئۇلا-
رغا يۇمشاق گەپ قىلغىن. قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلى-
ۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ
ئېچىۋەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق
قىلساڭ) ئۇلۇسقا قىلىنغان مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن.
شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ خالىغان ئادەمنىڭ
رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار
قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىنى، مەنپەئەت-
ىنى) ئوبدان بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. كەمبەغ-
ەللىكتىن قورقۇپ باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇلارنىڭ
ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش
ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر. زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى
ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار-
كى، ئاللاھ (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلدى. كىمكى



ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، (قاتىلنى قىساس قىلىش، يا دى-
يەت ئېلىش، ياكى كەچۈرۈم قىلىش) ھوقۇقىنى ئۆلتۈرۈلگۈ-
چىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قىلدۇق، ئىگىسى قىساس ئې-
لىشتا چەكتىن چىقمىسۇن (يەنى قاتىلدىن غەيرىيسىنى
ئۆلتۈرۈش، يا ئۇنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش، بىر ئادەم ئۈچۈن
ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىسۇن)
، (ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ) ئىگىسىگە ئاللاھ ھەقىقەتەن
مەدەتكاردۇر. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە
قەدەر (يېتىمگە) ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭ-
لار. ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە
(يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان . قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە
سوئال . سوراق قىلىنىسىلەر. سىلەر (باشقىلارغا ئاشلىق
قاتارلىقلارنى) ئۆلچىسەڭلار تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا
تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار، بۇنداق قىلىش (سىلەرگە دۇنيادا)
ياخشىدۇر، ئاخىرەتلىكلار ئۈچۈن نەتىجىسى ئوبدانىدۇر. بىل-
مەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم،
كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىن-
سان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ
ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال-سو-
راق قىلىنىدۇ. سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (تەكەب-
بۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن،
(ھەرقانچە گەدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلى-
شەلمەيسەن. يۇقىرىقى (ئىش)لارنىڭ ھەممىسى قەبىھ بو-
لۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يامانىدۇر.

ئوشبۇ تۈرگە سۆزلەنگەن ئايەتلەرنىڭ ھەربىرى مۇكەممەل بىرلەشمە بولۇپ، ئۇزلۇك سۈرەتلەرنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار ئارىسىدا مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشى [illegible]. ئىسلام ئاساسىدا تۇرۇۋاتقان ئىسلامى شەخسنىڭ [illegible] ئاخىرى [illegible] لىمى تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ شەخسى قىياپىتىدىكىلەرنى كەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان ئۇزلۇك سۈرەتلەر ئالله تائالادىن سادىر بولغان بۇيرۇق ۋە توسقۇلىرى [illegible] بولاسمىزدىن چەتتە قالماسلىقى لازىم. جۈملىدىن، بۇ ئايەتلەر ئىچىدە ئىبادەت، مۇئامىلات ۋە ئەخلاققا ئەھەللىق بولغان ئەھكاملار مەۋجۇت بولغانلىقىغا ئوخشاش ئىشقاقا ئەھەللىق ئەھكاملارمۇ مەۋجۇت. شۇڭىمۇ [illegible] قىلىش لازىمكى، يۇقارقى ئايەتلەرنى ئەخلاقى سۈرەتلەرنىڭ ئۆزىگە چەكلىنىپ قالماي، ئەخلاقنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىغا ئوخشاش ئىشقات، ئىبادەت ۋە مۇئامىلاتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. يۇقارقى سۈرەتلەر ئىسلامى شەخسنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان سۈرەتلەردۇر. ئەخلاقنىڭ ئۆزىگە چەكلىنىپ قېلىنسا، مۇكەممەل ئىنسان ۋە ئىسلامى شەخسنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى بولماي. [illegible] ئەخلاقنى كۆزلەنگەن غايە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۇ ئىسلام ئەقىدىسىدىن ئىبارەت بولغان روھى ئاساسقا قۇرۇلغان بولۇپ، ئىشقاتنىڭ ئەخلاق بىلەن شەكىللىنىشىمۇ [illegible] شۇ ئەقىدە ئاساسىغا قۇرۇلۇشى لازىمدۇر. شۇڭىغا [illegible] مۇسۇلمانلار [illegible] سۆزنى سۆزلىگەنلىرىدا ئەخلاقى [illegible] ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلى[illegible] [illegible] مۇجەسسەم



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىنىشىنىڭ زادى ھەرقانداق [illegible] ئەلكىرى الله ئېيتقان شۇ [illegible] جۈملە ئۆزى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلىدۇ. خۇلاسە [illegible] لاقنى زادى ئۇنىڭ ئۆزىگە [illegible] ئەمەس، [illegible] الله تائالاغا ئۇلار ئۆز شەكلىدە مۇجەسسەم قىلىشقا [illegible] قىلغانلىقى ئوبدانلا ئۆزلەشتۈرىلىدۇ.

شۇڭلاشقا ئۈچۈن مۇسۇلمان ئەخلاقى سۈرەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۇلار اللەدىن تەقۋا قىلىشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى ناماز سۈرەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن [illegible] بىلەن ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش [illegible] ئەخلاق ئالاھىدە [illegible] بۇيرۇق ۋە توسقۇلىرىدىن ئىبارەت بولۇشىنى [illegible] ئىبادەت ئەخلاقى بولۇپ [illegible] ۋۇجۇتقا كېلىشى.

إن الصلاة تنهى عن الفحشاء والمنكر

— [illegible] ئايەت 45

20 [illegible]

مۇئامىلىلاردا [illegible] ۋاجىب بولغان ھالەتلەر [illegible]

پاكى زىيان كەلتۈرگىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى اللەتائالانىڭ ئەمرىگە جاۋابەن، توسۇقلىرىغا سۆزسىز ئىتائەت قىلىش مەناسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ بولسا، مۇسۇلمان مەنپەئەتنى كېيىندىن قوغلىماي، ئىسلامنى پۈتۈن ھالىتىدە ئۆز ھاياتىغا تەتبىق قىلىشتا مۇستەھكەم ياشىسىلا ئۇنىڭ ئۆزىدە چىرايلىق ئەخلاقنى دائىم ۋە مۇستەھكەم بولۇشىغا خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى خۇلقتىن كۆزلەنگەن مەقسەت مەنپەئەت پەرەسلىك ئەمەس، بەلكى مەنپەئەت پەرەسلىك خۇلقتىن يىراق بولۇشى ۋاجىب دۇر. ئەكسىچە خۇلۇقتىن مەقسەت پايدى. ئىنسانى ۋە روھى قىممەت ئەمەس، بەلكى پەقەت ئەخلاقى قىممەتتۇر. مەزكۇر قىممەتلەرنىڭ خۇلققا ئالاقىدار بولۇشى جائىز ئەمەس. شۇندىلا خۇلقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقاندا پاكى ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈۋاتقاندا قالايمىقانچىلىق مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولمايدۇ. ئاگاھلاندۇرۇش زۆرۈركى، پايدى قىممەت خۇلقتىن ئۈزلىدىغان بولۇشى، خۇلقنى مەنپەئەت ۋە پايدا ئىزدەپ بېجىرىلىشتىن ئېھتىيات قىلىش ۋاجىبدۇر. بۇ خۇلق ئۈچۈن خەتەرلىكتۇر.

خۇلاسە شۇكى ئەخلاق، جەمئىيەتنىڭ ئايانچلىرىدىن ئەمەس. شەخسنىڭ ئايانچىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت ئەخلاق ۋاسىتىسىدا ئەمەس، بەلكى ئىسلامنىڭ ئۆزىگە خاس پىكىرلىرى ۋە تۇيغۇلىرى ھەمدە ئىسلام تۈزۈمىنى تەتبىق قىلىش بىلەنلا تۈزۈلىدۇ. ئەخلاق شەخسنىڭ ئايانچلىرىدىن بولسىمۇ، يىراق پالغوز ئۇنىڭ ئۆزى ئايانچ ۋە ئېسىلىنى ئۇنالمەيدۇ. بۇنداق بولۇشىمۇ جائىز ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ بىر-



گە شەخسىيەت ئىشلىرى، ئىبادەت ۋە مۇئامىلاتلىرى ئەۋجۇت بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىدىسى غەيرى ئىسلامى بولۇپ، ئەخلاقى چىرايلىق بولغان ئادەمنى ئىبرەت ئېلىشمايدۇ. چۈنكى ئۇ بۇنداق ھالەتتە كاپىر ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى كۇفرىدىمۇ ئارتۇق گۇناھ يوق. شۇنىڭدەك ئەخلاقى چىرايلىق بولۇپ تۇرۇپ، ئىبادەتلەرنى ئادا قىلمايدىغان پاكى مۇئامىلىلەردە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق ئىش قىلمىغان ئادەمنىڭمۇ ئېتىبارى يوق. شۇنىڭدىن مەلۇمكى، شەخسنى تەربىيەلەشتە ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلات ۋە ئەخلاقنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇشىغا رىئايە قىلىنىشى لازىم. پەقەت ئەخلاقنىڭ ئۆزىگە ئەھمىيەت بېرىپ، قالغان تۈرلىرىلەرنى تەرك ئېتىش شەرئەن جائىز ئەمەس. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراقى ئىتىقادقا قانائەت ھاسىل قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھېچنەرسىگە ئەھمىيەت بېرىش جائىز ئەمەس. ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئاساسى بىرى، ئاۋۋال ئۇ ئىسلام ئىتىقادى ئاساسىغا قۇرۇلۇشى. شۇنىڭلا بىلەن بىرگە ئەخلاق اللە تائالانىڭ بۇيرۇقى ۋە توسۇقلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئاساسلىنىپ مۇكەممەل ئۇنى ئۆز شەخسىدە مۇجەسسەم قىلىش لازىمدۇر.